ھاياتلىق — پسىخىكا ساغلاملىق مەجمۇئەسى

گۈلنار تېيىپ

# ئائىلىدىكى مەخپىيەتلىك

بىر جەمەتنىڭ ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان مەخپىيەتلىرى



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : خەمدەنىسە ئالىم

## گۈلنار تېيىپ ئەسەرلىرى

**ئايالىققا قايتىش**

**قەلب تۇيۇشى**

**ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك**

**ئاياللار 40 ياشتا**

**ئائىلىدىكى مەخپىيەتلىك**

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئائىلىدىكى مەخپىيەتلىك

ISBN 978-7-5466-2955-1

9 787546 629551 >



گۈلنار تېيىپ 1971- يىلى 11- ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1995- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئىزچىل شۇ ئىدارىدە مۇخبىرلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. گۈلنار تېيىپ 18يىللىق مۇخبىرلىق هاياتىدا جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى هەققىدە قەلەم تەۋرىتىپ نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يازدى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆز كەسپى بىلەن پىسخولوگىيە قاتارلىق كەسپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىيلىكىنى، ئوقۇشچانلىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى.

گۈلنار تېيىپنىڭ بۈگۈنگىچە ئائىلە، نىكاھ مەسىلىلىرى هەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا يازغان «ئايالىلىقا قايتىش» ، «ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك» ، «قەلب تىۋىشى» ، « قەلب زەخمىسىگە كىرىش» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىپ كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ نۆۋەت « ئاياللار 40 ياشتا » ، « ئائىلىدىكى مەخپىيەتلىك » قاتارلىق ئىككى پارچە كىتابى بىراقلا نەشر قىلىندى.

# گۈلنار تېيىپنىڭ ئېيتقانلىرى

❤ ئادەم ئۆزىنىڭ نېمىنى خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىلا، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

❤ ئىناق ئائىلە بەرپا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئائىلىدە ئاتا قىلىش بىلەن ئېرىشىش ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك.

❤ بىر تەرەپ مېھىر- مۇھەببەت ئاتا قىلغۇچى، يەنە بىر تەرەپ پەقەت ئېرىشكۈچىگە ئايلىنىپ قالغان تۇرمۇشتا، ئاتا قىلغۇچىنىڭ قەلبىدىكى مېھىر- مۇھەببەت مەنبەسىز ئېقىن سۈيىگە ئوخشاش قۇرۇپ قېلىش خەۋپىگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن.

❤ كاللىڭىزدا شۇ نەرسە ئېنىق بولسۇنكى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى ياكى يامان تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ئەتراپىڭىزدىكى يېقىن كىشىلىرىڭىزگە ياخشى ياكى يامان تەسىر كۆرسىتىسىز.



ھاياتلىق — پسىخىكا ساغلاملىق مەجمۇئەسى

گۈلنار تېيىپ

# ئائىلىدىكى مەخپىيەتلىك

## بىر جەمەتنىڭ ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان مەخپىيەتلىرى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

家庭之密：维吾尔文/古丽娜尔·提依普著．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2015.3
ISBN 978-7-5466-2955-1

Ⅰ．①家… Ⅱ．①古… Ⅲ．①家庭关系—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．①C913.11_49

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第058636号

نەشر قىلغۇچىلار: تاڭ خۇي
ئادىل مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىرى: باھارگۇل تۇداخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلنار روزى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: رەنا ئەمەتجان

ھاياتلىق ــ پىسخىكا ساغلاملىق مەجمۇئەسى

**ئائىلىدىكى مەخپىيەتلىك**

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت
شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880 mm×1230mm 1/32 باسما تاۋقى: 8.125
2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978-7-5466-2955-1
باھاسى: 28.50 يۈەن

# مۇقەددىمە

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن نىكاھلىنىپ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زىممىسىگە بىر - بىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئائىلىسىدە يېتىلدۈرگەن تۇرمۇش ئادىتىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە بىر - بىرى بىلەن ئاستا - ئاستا ماسلىشىش، بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆز ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە چەكلەش، ئۆزىنى ۋە قارشى تەرەپنى قەدىرلەش، سۆيۈش ۋە بۇ جەھەتتە ئۆزئارا ئۈلگە بولۇش مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدۇ. پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، پەرزەنتىنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئۆزىنى قەدىرلەش، سۆيۈش، شۇنداقلا يېقىن ئادەملىرىنى سۆيۈش، قارشى تەرەپ ئۈچۈن ئۆز ھەۋىسىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە چەكلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇ خىل ساغلام بولغان تۇرمۇش قېلىپى ئەنە شۇنداق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئائىلىلەردە ئەر - خوتۇنلار ئوخشاشلا ئۇششاق ئىشلار سەۋەبلىك جېدەللىشىپمۇ قالىدۇ. بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش، پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەش جەھەتتە تېڭىرقاپ قېلىشتىن ساقلىنالماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئۇلار «بىر - بىرىمىزگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىمىز ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزگەرمەيدۇ» دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ. ھېسسىيات جەھەتتە ئۆرلەش ۋە تۆۋەنلەش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ كۆرۈلۈشى

مۇمكىن. بىراق ئۇلار ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە تەۋرىنىشكە توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ. ھېسسىيات جەھەتتىكى تەۋرىنىشنى ھېس قىلغاندا بۇنى ئاردا مۇھەببەت قالمىغانلىق سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىگە سۇس مۇئامىلە قىلغانلىق سەۋەبىدىن دەپ تونۇپ، تۇرمۇشنى بېيىتىش، بىر - بىرىگە دىققەت نەزىرىنى كۆپرەك بېرىش ئارقىلىق تەڭشەپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نىكاھنىڭ پەقەت قىزغىن مۇھەببەت ئۈستىگىلا ئەمەس، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنىمۇ ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

بۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغان پەرزەنتتە قەدىرلەنگەنلىك، ئاسرالغانلىق، سۆيۈلگەنلىك تەسىراتى نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ. بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇھەببىتىدە خاتىرجەملىك، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ ۋە ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى پىسخىكىلىق ئېھتىياجى ئاساسەن قانائەت تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا جىسمانىي جەھەتتە چوڭ بولۇش بىلەن تەڭ پىسخىكا جەھەتتىكى چوڭ بولۇشىنىمۇ تەڭ تاماملىيالايدۇ.

يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە، رېئاللىقتا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئائىلىسىدە ئادەتلەنگەن تۇرمۇش ئادىتىنى بىر - بىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇش، ئاڭلىق ھالدا يېقىنلاشتۇرۇش، بىر - بىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىنى ۋە قارشى تەرەپنى قەدىرلەش، شۇنداقلا بىر - بىرى ئۈچۈن ئۆز ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە چەكلەش، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن پەرزەنتنى ئورتاق تەربىيەلەش، ئۆزىنى ۋە قارشى تەرەپنى سۆيۈش، قەدىرلەش ۋە بۇ جەھەتتە بالىغا ئۈلگە بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالمايدىغانلارمۇ بار. بۇ كىتابتا تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئائىلە

ئەزالىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىمەن. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەلكىم يۈرىكىڭىزگە تاش قويۇپ قويغاندەك ئېغىر ھېس قىلىشىڭىز، بىئارام بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى ھامان دېيىش كېرەك. بەزىلەر ئۆزىنىڭ مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقىدىن شادلىنىشى، يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ بەختسىز ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقىدىن ئاھ ئۇرۇپ زارلىنىشى ئېنىق. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئوخشاشلا نەپكە ئېرىشەلەيسىز. چۈنكى، ئۆزىنى تەلەيلىك ھېسابلىغۇچىنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ تەلەيلىكلىكىنىڭ «شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك» بولماستىن، بەلكى يېقىنلىرىنىڭ ساغلام تۇرمۇش ئادىتى سەۋەبلىك ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن تونۇش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىسى بار. تەلەيسىز ھېس قىلغۇچى بولسا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ۋە جەمەتىگە ئورتاق بولغان ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئادىتى ھەققىدە ئويلىنىپ، قەلبىدە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش ۋە ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى يېڭىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. مەسىلەن، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغۇچە يەتكۈچە دىل ئازابى تارتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىدا ئوخشاشلا دىل ئازابى تارتىپ چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان، ئەتراپىدىكىلەرگە، تۇرمۇشتىكى ھەمراھىغا، بالىلىرىغا مېھرىبانلىق يەتكۈزىدىغان كىشىلەرگە ئايلانغانلىرى يوق ئەمەس. ئۇلار ھاياتىدا ئاچچىق - چۈچۈكنى يەتكۈچە تېتىغان بولغاچقا، بەختنى تېخىمۇ قەدىرلەيدۇ. تېخىمۇ غەيرەتلىك،

بەختلىك ياشاشقا بولغان ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. دېمەك، ئادەم قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، قانداق تەربىيەنى قوبۇل قىلىشنى تاللىيالمايدۇ. بىراق، قانداق تۇرمۇشنى تاللاش ئىمكانىيىتى ھەرقانداق ئادەمدە بولىدۇ. بۇ دەل بۇ كىتابنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

كىتابنى يېزىپ تاماملىشىمغا ياردەم قىلغان، ماڭا مەدەت بەرگەن بارلىق كىشىلەرگە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. شۇنداقلا بۇ كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا پەيدا بولغان ھەرقانداق سوئال ۋە تەكلىپ پىكىرلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن ۋە ئورتاقلىشىشنى خالايمەن.

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى بۆلۈم تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ................ 1**

ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا قىسسىسىدىن تارىغان نۇر ............ 2

ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىنى تونۇش ............. 29

مۇھەببەتنىڭ تۇنجى قەدىمىدە ..................... 44

نىكاھ چەمبىرىكىدىكى ئايال ...................... 56

ئايالنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ ...................... 62

ئاتا قىلغانغا يارىشا ئېرىشىش ئېھتىياجى ............. 66

سوغۇق ئەرلەر ......................... 72

ئائىلىدىكى بېشارەت ...................... 77

**ئىككىنچى بۆلۈم داۋاملىشىۋاتقان تۇرمۇش ئادىتى ......... 82**

ئۇچۇرنىڭ كەينىدىكى سىر .................. 83

بالىنىڭ دۇنياسى ......................... 90

ئاتا - ئانا ئۇچۇن ئويۇن، بالا ئۇچۇن قىيىن كۈنلەر ....... 97

تۇرمۇش قېلىپىنىڭ تەكرارلىنىشى ............... 104

ئائىلە شەجەرىسى ......................... 110

ياش تۆكۈۋاتقان بالا ....................... 116

بەختلىك ئائىلىدىكى پاجىئە .................. 119

ئازار بەرگۈچى ئەمەلىيەتتە ئەسلىي ئازار يېگۈچى ......... 122

مەلۇم بىر خىل تەسىراتتىن قېچىش .............. 125

بىر قىسىم ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ تەسىرى ............ 128

خاتا تۆيغۇ ........................................ 137
سوغۇق مۇناسىۋەت ................................ 145

**ئۈچىنچى بۆلۈم   ئادەتنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى** .......... 162
تونۇشنى ئۆزگەرتىش ................................ 163
ئادەت ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس ...................... 169
سوغۇق مۇناسىۋەت قېلىپىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىش ....... 172
سوغۇق مۇناسىۋەت قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلاشتىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان قەدەم ـ باسقۇچلار ............. 176
نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قېلىپىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىش ................................ 182

**تۆتىنچى بۆلۈم   ھاياتقا مۇھەببەت** .................. 206
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يىغىسى ......................... 207
ئىناق ئائىلە ....................................... 216
ھاياتىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتىدە... .......... 239
خاتىمە ............................................ 249

## بىرىنچى بۆلۈم

# تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى

ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق ئائىلىدە، قانداق تەربىيە ئاستىدا چوڭ بولۇشىنى تاللىيالمىغىنى بىلەن، قانداق ياشاشنى تاللىيالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشىغا توغرا كېلىدۇ.



# ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا قىسسىسىدىن
# تارىغان نۇر

مەن ئىلگىرى ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتى چوڭقۇر بولسا، نىكاھ قەسىمىگە ئەمەل قىلىش ئىرادىسى بولسا، قەلبىدە كۈچلۈك ئېتىقاد بولسا، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولسا ئۇنداق كىشىلەرنىڭ نىكاھى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، كۈنلىرىنى بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزەلەيدۇ، دەپ قارايتتىم. ھەم يازمىلىرىمدىمۇ شۇ ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرەتتىم. ھېلىھەم بۇ قارىشىمنى ئىنكار قىلمايمەن. ئەلۋەتتە، شۇنداق كىشىلەرنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى نىسبەتەن مۇقىم ۋە بەختەر بولىدۇ. بىراق رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتى سۇس، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەمچىل كىشىلەر ئىچىدىلا ئەمەس، يۇقىرىقىدەك كىشىلەر ئىچىدىمۇ بەخت سېزىمى تۆۋەن ھالەتتە ياشاۋاتقان، ھەتتا نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلار ئۇچرايدۇ. ئۇنداقتا، نىكاھ تۇرمۇشىدا نىكاھ قەسىمى، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببەت، كۈچلۈك ئېتىقادتىن باشقا بىز سەل قاراۋاتقان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بارمۇ - قانداق؟

بىز نەزىرىمىزنى ئۆزىمىزگە ئاغدۇرۇپ باقايلى. قەلب سادايىمىزنى ئاڭلاپ باقايلى. قەلبىمىزدىن قانداق سادا چىقىدىكىن.

— مەن نېمىگە ئېھتىياجلىق، مېنى ھەقىقىي قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە زادى نېمە؟ ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن تۇيۇقسىزلا شۇنداق سادا چىقىپ كېتىدۇ.

ــ مەن نېمىگە ئېھتىياجلىق، مەن نېمىدىن قانائەت ھېس قىلىمەن؟ ئاياللارمۇ ئاغزىدىن شۇنداق سادانىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالىدۇ.

دېمەك، قەلبىمىز بىر نەرسىنى ئىزدەيدۇ، بىر نەرسىگە ئىنتىلىدۇ.

بىز ھەقىقەتەن بىر نەرسىگە سەل قاراۋاتقان ئوخشايمىز.

مەن ھەقىقىي بىر ئەر بولۇپ ياشىسام دەيمەن....

مەن ھەقىقىي بىر ئايال بولۇپ ياشىسام دەيمەن....

قەلبىمىزدىن نېمە سەۋەبتىن شۇنداق سادا چىقىدۇ؟

بەلكىم ئېسىڭىزنى دەرھاللا يىغىپ بىز ئەر ۋە ئايال بولماي نېمە بوپتۇق؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن. ھەقىقەتەن ھەممىمىز ئەر ۋە ئاياللىق سالاھىيىتى بىلەن تۇغۇلىمىز. بىراق شۇ خىل سالاھىيەت ئاتا قىلغان تەبىئىتىمىز ۋۇجۇدىمىزدا بارمۇ ياكى يوقىتىپ قويدۇقمۇ، ياكى ئاجىزلاپ كېتىۋاتامدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن يۈرىكىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يىلتىزىمىزنى ئاختۇرۇپ باقايلى.

ئىنسانلارنىڭ تۇنجى نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئۈچۈر ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا قىسسىسى («قىسسەسۇل ئەنبىيا»نىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.)دىن مەلۇم بولىدى.

تەڭرى ئادەم ئاتىغا جۈپ يارىتىش ئۈچۈن ئادەم ئاتا يېرىم ئۇيقۇ ھالىتىدە ئارام ئېلىۋاتقان پەيتتە سول قوۋۇرغىسىدىن بىر تال قوۋۇرغىنى ئېلىپ شۇنىڭدىن ھاۋا ئانىنى ياراتتى. ھاۋائانىنىڭ بىرقانچە يەرلىرى ئادەم ئاتىغا ئوخشىمايتتى. تېرىسى تېخىمۇ سۈزۈك، ئۆزى مۇلايىم ئىدى.

تەڭرىنىڭ ھاۋائانىنى ئادەم ئاتىنىڭ يېرىم ئۇيقۇ ھالىتىدە يارىتىشىدىكى سەۋەب، ئەگەر ئادەم ئاتا ئويغاق ھالەتتە

قوۋۇرغىسىنى ئالىدىغان بولسا ئاغرىق سەۋەبىدىن ھاۋائانىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئانچە مېھرىبانلىك بولمايتتى. قاتتىق ئۇيقۇ ھالىتىدە ئالغان بولسا ئۆزىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئانچە مېھرىبان بولماس ئىدى. ئەگەر باشقا نەرسىدىن يارىتىلغان بولسا ئانچە ياخشى كۆرمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ھاۋا ئانا يارىتىلدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەللىكى ئادەم ئاتا ھاۋائانىغا مەھلىيا بولدى ۋە ئۇز يېنىغا چاقىردى. ھاۋا ئانا ئۇنىماي نېرى كەتتى. ئادەم ئاتا يەنە چاقىردى يەنە ئۇنىمىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا ھاۋا ئانا «مەيلىڭ بولسا ئۆزۈڭ كەل» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئاتا ھاۋائانىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئادەم ئاتىنىڭ كۆڭلى ھاۋائانىغا مايىل بولغاندا جەبرائىل مۇنداق دېدى:

- ئى ئادەم ئالدىراپ كەتمە، ھاۋا ھەرقاچان سېنىڭكى، نىكاھ قىلمىغۇچە ئۇ ساڭا راۋا ئەمەس.

...

- ئايالغا تۆلەيدىغان مېھىر كابىن كېرەك (ئايالغا تۆلىنىدىغان ھەق) بىر نەرسەڭ بارمۇ؟...

ئۇلار نىكاھلىنىپ بىر زامانلارغىچە ئەرشتە ياشىدى، كېيىن شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن چەكلەنگەن بۇغدايني يەپ قويۇپ، يەر - زېمىنغا پالاندى. ئىككىسى ئىككى جايدا بىر - بىرى بىلەن تېپىشالماي، بىر - بىرىنى سېغىنىپ ياشىدى.

ئادەم ئاتا ئىبادەت قىلغىلى خانەئى كەبىگە كەلدى. جانابى ھەق بېھىشتىن ئات، تۆگە، ئۆكۈز، قوي چىقىرىپ بەردى. تۆگىگە يۈك ئارتسۇن دەپ، قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ، يۇڭىدىن يازلىق كىيىم، تېرىسىدىن قىشلىق كىيىم كىيسۇن دەپ، پەرمان قىلدى. ھاۋائانىغا بىر قوشقار بەردى. ئۇ قوشقارنى سويۇپ يەپ ئارام ئالدى. يەنە ئۈچ تال بۇغدايني

ئېلىپ كېلىپ، ئىككى تېلىنى ھاۋائانىغا، بىر تېلىنى ئادەم ئاتىغا بەردى. ھەزرىتى ئادەم بۇغدايىنى يەي دەپ تۇرۇشىغا ھەزرىتى جەبرائىل كېلىپ: ئى ئادەم بۇغدايىنى تېرىپ، كۆپەيتىپ يېگىن دېدى...

كېيىن ئادەم ئاتىنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، ھاۋا ئانا كەلتۈرۈپ بېرىلدى. ھاۋا ئانا ئادەم ئاتىدىن تۆت باللىق بولدى...

ھاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتا قىسسىسىدىن بىز ئەر ۋە ئايالنىڭ خاس ئەسلىي تەبىئىتى ۋە ئىكاھلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز.

ھاۋا ئانا ئادەم ئاتىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلدى. يەنى ئايال ئەرنىڭ باغرى، بىر قىسمى، ئادەم ئاتا ھاۋائانىغا مەپتۇن بولۇپ يېنىغا چاقىردى. ھاۋا ئانا يېنىغا بارماي ئەكسىچە «مەيلىڭ بولسا ئۆزۈڭ كەل» دېدى. يەنى ئەر قوغلاشقۇچى، ئايال قوغلىنىش ئوبيېكتى.

ھاۋا ئانا شەيتانغا ئالدىنىپ ئۈچ تال بۇغدايىنى ئۆزۈپ ئۆزى بىرنى يەپ، ئىككىسىنى ئادەم ئاتىغا بەردى. دېمەك ئايال ئەرگە قارىغاندا ئۆز ھېسسىياتىغا تايىنىپراق ئىش قىلىدۇ.

ئادەم ئاتىغا ئەرشتىن قوي، ئۆكۈز، ئات، تۆگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. تۆگىگە يۈك ئارتسۇن، قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ يۇڭى ۋە تېرىسىدىن پايدىلانسۇن دەپ پەرمان قىلىندى. ھاۋائانىغا بولسا، گۆشىنى يەپ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن يالغۇز قوشقارلا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن ئەرلەرنىڭ سىرتتا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىدىن، ئاياللارنىڭ بولسا ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلدى.

دېمەك، ئەرلەرنىڭ تەبىئىتى شۇكى، ئۆز باغرىنى بەرگۈچى، قوغلاشقۇچى، كۆڭلىنى ئىزدىگۈچى، مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغۇچى.

ئايالLarدىكى ئايالىلىق تەبىئەت شوكى، مەپتۇن قىلغۇچى، قاچقۇچى، مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشكۈچى، ئاسرالغۇچى ھەم مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلىغۇچى.

دېمەك، ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئەتكە، شۇنداقلا، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھقا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمىي ئۆچۈر ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا قىسسىسىدىن تاراپ، خۇددى نۇردەك، دەۋر - دەۋرلەردىن ئۆتۈپ، ھەر خىل مەزمۇن ۋە شەكىلدە ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلىدى.

يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ.
قۇلان كېيىك ئوۋلىتىپ
بايرام قىلىپ ئوينايلى.

ئا......
بەكمۇ ئامراق...
ئامراق نىگارىم.....
ئۆز ئامرىقىمنى ئويلىسام،
ئويلاپ - ئويلاپ تۇرغانسېرى،
ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۈم كېلىدۇ.

(غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 14 - ۋە 80 - بەتلىرىدىن ئېلىندى)

ئادەم ئاتىنىڭ ۋە ھاۋائانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارىغان بۇ نۇر بىزگىچە يېتىپ كېلەلىدىمۇ؟

ھەر كۈنى بىر سائەت داۋام قىلىدىغان تۇن تىۋىشلىرى پىروگراممىسىدا نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىكى ئۇستىدىن

شىكايەت قىلىپ، مەسلىھەت سورايدىغان ئايال تەخمىنەن 80% تىن ئېشىشى مۇمكىن. مەن بۇ پىروگراممىنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرىمەن.

ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بىر ئايال ئىككى ياشقا كىرگەن بالىسى بىلەن يولدىشىدىن ئاجرىشىپ، يەنە بىر ئەرگە تېگىپتۇ. ئۇ ئەر تويدىن بۇرۇن بالا بىلەن ئايالغا ياخشى قارايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ. بىراق توي قىلىپ بىر ئاي بولمايلا، نارسىدە بالىنى قورقىتىپ، ئۇرۇپ تىللايدىغان، ئۇ ئايالنىمۇ خارلايدىغان بولۇۋاپتۇ...

جاپالىق كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ئايالنىڭ ئۇستىگە ئىككىنچى خوتۇن ئالماقچى بولغان ئەر، ياكى ياشقا ئاياللار بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ كۆزىنى ياشلاۋاتقان ئەرنىڭ باھانىسى بەكلا كۆپ. بۇنداق تۇرمۇش ئىچىدىكى ئايال قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي كۈنلىرىنى مەنىسىزلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىللىقراقلىرى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە كەلتۈرىدىغان روھىي جەھەتتىكى زىيىنىنى كېمەيتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى ئىزدەۋاتقان.

خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلىۋېتىپ تۇرمۇشىغا قارىمايدىغان ئەر...

ئەتراپىمىزدىكى ۋۇجۇدىدا بىر ئائىلىگە تەۋرۈك بولۇش، ئايالنى قوينىغا ئېلىشتىن ئەسەرمۇ يوق، قىسقىسى ئەرلىك تەبىئىتىنى يوقاتقان ئەرلەرگە، ئەرنىڭ باغرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغانلىق سەۋەبىدىن ئاياللىق تەبىئىتىدىنمۇ بارغانسېرى ياتلىشىۋاتقان ئاياللارغا قاراپ بىز ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ - ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمىز.

ئەلۋەتتە ئەرلەر بۇ گەپنى تەستىقلىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىدە. ئاياللارمۇ بىز ئەلۋەتتە ھاۋائانىنىڭ

ئەۋلادلىرى دېيىشىدۇ.

ئۇنداق بولسا بىزگە نېمە بولدى؟ ئەرلەردىكى ئايالىغا مېھرلىك بولۇش ۋە ئاياللاردىكى ئاياللىق تارتىم ۋاقىتنىڭ قايسى تونىلىغا قىسىلىپ قالدى. ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرۇپ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئىزلار ئىچىدىن جاۋاب ئىزدەپ باقايلى.

مەن بۇ ھەقتە ئەڭ قايىل قىلارلىق پاكىتنى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم. ئاخىر ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ياراتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە داستانلار ئىچىدىن ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىزنالارنى تېپىشنى لايىق كۆردۇم (بۇ جەھەتتە مېنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ھەم قولىلىغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى ئۇستازىم ئوسمانجان ئىسمايىل مۇئەللىمگە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.)

**«ئوغۇزنامە» داستانى**

باتۇر ئوغۇزخان تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ، قىرىق كۈندىن كېيىن ئۇ چوڭ ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى غەلىتە بولۇپ، كۆك يۈزلۈك، قىزىل ئېغىزلىق، قىزىل كۆزلۈك، پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان، ئۇنىڭ پۇتى بۇقىنىڭكىدەك، بېلى بۆرىنىڭكىدەك، مۈرىسى يىلپىزنىڭكىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك. باتۇر ئوغۇز ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يالماپ، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگۈچى قىئات (تاق مۈڭگۈزلۈك يىرتقۇچ ھايۋان)نى ئۆلتۈرىدۇ. بىر كۈنى ئوغۇز بىر يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئاسماندىن بىر شولا چۈشىدۇ، ئۇ شولا ئايدىنمۇ يورۇق، كۈندىنمۇ نۇرلۇق. شولا ئىچىدە بىر قىز بولۇپ، تەنها ئولتۇرغان. بۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى، ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز بۇ قىزغا كۆيۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى

ئەمرىگە ئالىدۇ؛ ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ.

(پۈتكۈل تۈركى خەلقلەرگە ئورتاق بولغان بۇ داستاننىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى يېزىق پەيدا بولمىغان ئېغىز ئەدەبىياتى دەۋرلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە تۇتىشىشى مۇمكىن.)

بۇ داستاندا ئوغۇزخان مەردۇ مەردانە، ئاسمانغا تىرەك بولغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە. ئايالى بولسا ئەرنىڭ نەزىرىدە گۈزەللىكنىڭ مۇجەسسىمى، مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشكۈچى، ئاشىق قىلغۇچى ھەم مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلىغۇچى.

**«قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» داستانى**

ئىسپىھان شەھىرىنىڭ شاھزادىسى قەمەر بىلەن كۆھىقاپتىكى دىۋە - پەرىلەر پادىشاھى شاپەرقۇتنىڭ قىزى شەمسى جانان بىر - بىرىنى چۈشىدە كۆرۈپ، ئۆزئارا ئاشىق بولۇپ قېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەمەرشاھ شەمسى جاناننى ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ شەمسى جاناننىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ھېرىپ - چارچاشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، كېچە - كۈندۈز توختىماستىن يول يۈرۈپ، ئاخىر خىزىرنىڭ ياردىمىدە شەمسى جاناننى تاپىدۇ. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق ۋىسال شادلىقىدا مەست بولۇشۇپ، ھەرەمباغدا سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە شەمسى جاناننىڭ دادىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. بىراق، ئۇ ئۆز قىزىنىڭ قەمەرشاھقا ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شاپەرقۇت قەمەرشاھنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا چۆل - جەزىرىگە بىر ھەرەمباغ بىنا قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام دەرھال قەمەرشاھنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، چۆلگە ھەرەمباغ پەيدا قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شاپەرقۇت قەمەرشاھنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ يولغا

چىققاندا، يىقىلىپ چۈشۈپ قارىغۇ ۋە گاچا بولۇپ قالىدۇ. ئاخىر ۋەزىر - ۋۇزرالار ئەگەر كىم پادىشاھنى ساقايتسا، ئۇنىڭغا شاھلىق تاج - تەختىنى ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. نۇرغۇن تېۋىپلار ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتالماي جازالىنىپ كېتىدۇ. ئاخىر قەمەرشاھ شەمسى جانانىنىڭ ياردىمىدە دورا ياساپ، شۇ دورا ئارقىلىق پادىشاھنى ساقايتىدۇ ۋە شەمسى جانان بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شاپەرقۇت ئامالسىز ئۇلارنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق توي قىلىپ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ.

بۇ داستاندا قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ۋاپادارلىقى مەدھىيىلىنىدۇ.

**«پەرھاد - شېرىن» داستانى**

چىن ماچىن شەھىرىنىڭ پادىشاھى خاقانى چىنىنىڭ مەجنۇن سۈپەت بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى پەرھاد ئىدى. ئۇ تاشچىلىقنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يېتىدۇ. ئۇ جاھاننەما ئەينەكتىن يىراق تاققا تىلسىم قىلىنغان ئالتۇن - كۆمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى كۆرىدۇ ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ، ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، تىلسىمنى ئېچىپ، جاۋاھىراتلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئىككىنچى قېتىم جاھاننەما ئەينەكتىن ئىرەم شەھىرىنىڭ مەلىكىسى شېرىننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە يۈزمىڭ لەشكەرنىڭ ھىمايىسىدە ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا بورانغا دۇچ كېلىپ، كېمىلەر پۈتۈنلەي پاچاقلىنىپ كېتىپ، پەقەت پەرھادلا ساق قالىدۇ. ئۇ تالاي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىر ئىرەم شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىرەم پادىشاھلىقى تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار تاشچىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەزىپە پەرھادقا

تاپشۇرۇلىدۇ. پەرھاد تاشتىن ئۆستەڭ ياساشقا باشلايدۇ. ئۇ ھەر جۇمە كۈنى ئوردىغا سالامغا بېرىپ، شېرىننى كۆرۈپ تۇرىدۇ. پەرھاد شېرىننى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خۇسرەۋ پەرۋىز ئىسىملىك باشقا بىر شەھەرنىڭ شاھزادىسىمۇ شېرىنغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شېرىنمۇ خۇسرەۋنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. ئەمما خۇسرەۋ شېرىننىڭ مۇھەببەت سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ ۋە ئۇژمە كۆڭۈللۈك قىلىپ، رۇم شەھىرىنىڭ مەلىكىسى مەريەمگە ئۆيلىنىدۇ. شېرىن بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە خۇسرەۋدىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شېرىننىڭ دىققىتى پەرھادقا بۇرۇلۇپ، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ياخشى كۆرۈشكە باشلايدۇ. بۇنى بىلگەن خۇسرەۋ پەرھادقا سۇيىقەست قىلىدۇ: ئۇ بىر جادۇگەر موماينى تاش قېزىۋاتقان پەرھادنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، شېرىننى ئۆلدى دەپ خەۋەر قىلغۇزىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەرھاد شۇ يەردىلا ئازاب ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شېرىنمۇ پەرھادنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ جان ئۈزىدۇ.

پەرھاد ـ شېرىن داستانىدا ھەم ۋاپاسىزلىق، ھەم ۋاپادارلىق بار. ۋاپاسىزلىق ئاخىرقى پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنى خۇسرەۋنىڭ ۋاپاسىزلىقى. شېرىننىڭ خۇسرەۋغا قىيداپ، پەرھادقا يۈزلىنىشى ئاخىرقى پاجىئەگە سەۋەب بولىدۇ.

### «شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە گۈلرۇز» داستانى

رۇم شەھىرى پادىشاھى ئادىلخاننىڭ گۈلرۇز ئىسىملىك گۈزەل قىزى بار ئىدى. گۈلرۇز ئۆزىگە ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىتلەرگە بېيىت ئېيتىشىش شەرتىنى قويىدۇ. بۇ شەرت بويىچە كىمكى گۈلرۇز ئېيتقان بېيىتقا قاپىيە ۋە مەزمۇنى ماسلاشقان ھالدا جاۋاب بېرەلىسە، گۈلرۇز ئۇنىڭغا ياتلىق

بولماقچى، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، بۇ يىگىتنىڭ كالللىسىنى ئالماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يىگىت گۈلرۇزنىڭ بېيىتىغا دەلمۇ دەل جاۋاب بېرەلمەي، جېنىدىن ئايرىلىدۇ. خاقانى چىنىنىڭ شاھزادىسى بەھرام گۈلرۇزنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە دادىسىنىڭ توسقىنىغا پەرۋا قىلماي، رۇمغا بېرىپ، گۈلرۇزغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ. گۈلرۇز ئۇنىڭغا بېيىت تاشلايدۇ، بەھرام بېيىت ئارقىلىق دەلمۇ دەل جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەمما ھاكاۋۇر ۋە مەنمەنچى گۈلرۇز يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، بەھرام مېنىڭ بېيىتلىرىمگە توغرا جاۋاب بېرەلمىدى دەپ، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. بۇنى كۆرگەن گۈلرۇزنىڭ ئىمىكئانىسى بەھرامنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ. گۈلرۇز ئىمىكئانىسىغا يۈز كېلەلمەي بەھرامنى قويۇپ بېرىدۇ. بەھرام گۈلرۇزنىڭ دەردىدە زار ـ زار يىغلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خۇدا بەھرامنى مۇرادىغا يەتكۈزمەكچى بولىدۇ ـ دە، خىزىرنى رۇم شەھىرىگە ئەۋەتىدۇ. خىزىر سەت ۋە قېرى ئادەمنىڭ سىياقىغا كىرىپ، گۈلرۇزغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىدۇ. گۈلرۇز نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن بېيىت ئېيتىشىدۇ. نەتىجىدە گۈلرۇز خىزىرغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. خىزىر ئۇنى بېيىت ئارقىلىق رەسۋا قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. گۈلرۇز قورقۇپ كېتىپ، گۇناھىنى تىلەيدۇ. خىزىر ئۇنى دەرھال بەھرام بىلەن توي قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بەھرام بىلەن گۈلرۇزنىڭ تويى بولىدۇ. بەھرام گۈلرۇزنى ئېلىپ خاقانى چىنگە قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ داستان خاراكتېر جەھەتتىن پەرھات ـ شېرىن داستانىغا ئۆلىنىدۇ. يەنى پەرھات ـ شېرىن داستانى ئەرلىك خاراكتېردىن چەتنەشنىڭ يوپۇقىنى ئاچقان بولسا، «شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلرۇز» داستانىدا بۇ خىل ئىدىيە يەنە بىر بالداق كۆچەيتىلىدۇ.

**«تاھىر - زۆھرە» داستانى**

ئىلگىرىكى داستانغا قارىغاندا ئەرلەردىكى ئەرلىك تەبىئەت يەنە بىر بالداق ئاجىز تەسۋىرلىنىدۇ. ھەتتا تاھىر تەقدىرگە تەن بەرگۈچى ئاجىزنىڭ رولىنى ئالىدۇ

**«لەيلى - مەجنۇن» داستانى**

تاھىر - زۆھرە داستانى بىلەن لەيلى - مەجنۇن داستانى خاراكتېر جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. بىزگە تونۇش بولغان بۇ ئىككىلا داستاندا قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ ۋە قىز - يىگىتلەرنى ھالاك قىلىدۇ. بۇ ھالاكەت كۆرۈنۈشتە باشقىلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئەرلەردىكى ئەرلىك تەبىئەتنىڭ ئاجىزلىقى ئەڭ ئاخىرقى پاجىئەني كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئىككىلى داستاندا ئايال ئەرگە قارىغاندا ئەرلەرگە خاس جاسارەتكە، قەيسەرلىككە ئىگە.

**«بوز كۆرپەش ۋە قارا ساچ ئايىم» داستانى**

لوپنور كۆلى بويىدىكى ئابدال دېگەن يۇرتتا سۇياغىل ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ «بوز كۆرپەش» ئاتلىق پالۋان ئوغلى بار ئىدى . بىر كۈنى بۇ يىگىت ياقا يۇرتلاردا تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ ۋە يېڭى سۇ دېگەن يەرگە كېلىدۇ. يېڭى سۇدا سۇلۇباي ئىسىملىك بىر باي كىشى بولۇپ، ئۇ بوز كۆرپەشنى ئىشلەمچىلىككە قوبۇل قىلىدۇ. سۇلۇ باي زالىم كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى باياغىلمۇ دادىسىغا ئوخشاش قارا نىيەت ئىدى. ئەمما سۇلۇ باينىڭ «قارا ساچ» ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ئۇ گۈزەل ۋە ئاقكۆڭۈل ئىدى. بوز كۆرپەش سۇلۇبايىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەش جەريانىدا قارا ساچ ئايىم بىلەن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر -

بىرىگە ئاشىقى بىقارا بولۇپ، چىدىغۇسىز دەرىجىگە يېتىدۇ. باياغىلىنىڭ پاتما ئىسىملىك بۇزۇق خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ بوز كۆرپەش بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، ئۇ بوز كۆرپەش تەرىپىدىن دەككىسىنى يەپ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوز كۆرپەش بىلەن قارا ساچ ئايىم ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تېرىپ، سولۇ بايغا چاقىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «بوز كۆرپەش ماڭا يامان نىيەتتە بولدى» دەپ باياغىلغا داتلايدۇ. غەزەپلەنگەن باياغىل بوز كۆرپەشنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە كېلىدۇ. ئۇ بوز كۆرپەشنى ئوۋغا ئېلىپ چىقىپ، زەھەرلەنگەن ئوقيا بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئېغىر يارىلانغان بوز كۆرپەش ئات بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ۋىتىرەك دېگەن جايغا كەلگەندە يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ بىر پارچە خەتكە ئۆز ئەھۋالىنى يېزىپ، ئۇنى تورغاينىڭ پۇتىغا چىگىپ قويىدۇ. تورغاي خەتنى ئېلىپ سولۇبايىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئەمما، بۇ خەت قارا ساچ ئايىمنىڭ قولىغا چۈشمەي، باياغىلىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. سولۇ باي بىلەن باياغىل بوز كۆرپەشنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ۋىتىرەككە كېلىدۇ ۋە ھوشسىز ياتقان بوز كۆرپەشنى ئۆلتۈرۈپ، تېنىنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قارا ساچ ئايىم بوز كۆرپەشنىڭ تېنىنى تېرىپ كېلىپ دەپنە قىلىدۇ ۋە كۆكرىكىگە خەنجەر سېلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ پاجىئەنى كۆرگەن سولۇبايىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ جان ئۈزىدۇ. باياغىل بولسا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ.

بۇ داستاندا تۇنجى قېتىم نىكاھتىكى ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق تىلغا ئېلىنىدۇ ھەم بۇزۇقچىلىق پۈتكۈل ئائىلىنى ۋەيران قىلىدۇ. نىكاھتىكى ئەرنىڭ ئەرلىك تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق، ئايالدىكى ئەسلى تەبىئەتتىن يىراقلىشىش پاجىئەگە سەۋەب بولىدۇ.

### «يالپۇزخان» داستانى

خوتەن قاراقاشنىڭ قاياش دېگەن كەنتىدە يالپۇزخان ئىسىملىك بىر گۈزەل ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى توكۇر كىشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا ئۆتىدىكەن. قاراقاشتىكى بىر قىسىم ئەخلاقسىز كىشىلەر يالپۇزخان بىلەن كۆڭۈل ئېچىش نىيىتىدە، دائىم ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىكەن. يالپۇزخان ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دەل ئەشۇ ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلىماقچى بولىدۇ. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىگە كۆز تاشلىغان ھېكىم بەگنى ئۆيىگە ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، پۇلىنى ئېلىۋالىدۇ، ئاندىن ئېرى كېلىپ ھېكىم بەگنى رەسۋا قىلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەر قازىسى ۋە قاسساپنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن قاپقانغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پۇلىغا ئېرىشىۋالىدۇ. ھېكىم بەگ، قازى ۋە قاسساپلار پۇلىنى تارتقۇزۇپ قويغانلىقى ئۈستىگە، باشقىلارنىڭ ئايالىغا شەھۋانە نىيەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇپ، باش كۆتۈرەلمەي قالىدۇ.

بۇ داستاندىمۇ ئوخشاشلا ئەخلاقسىزلىق قامچىلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ ئىززەت ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى سۆكۈلىدۇ. نىكاھنى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدىغان نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قامچىلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئەرلىك تەبىئىتىدىن ياتلىشىش، ئاياللارنىڭ ئاياللىق تەبىئىتىدىن چەتنەش روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

### «زىۋىدە قارا كۆز» داستانى

بۇ داستاندا ئەرنىڭ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، ئايالنىڭ باش پاناھى، قوغدىغۇچىسى بولۇشتەك خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىشىپ، ئايالنى قاچۇرۇش دەرىجىسىگە بارغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

**«سۇلتانخان ۋە شاھ ياقۇپ» داستانى**

داستاننىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: شاھ ياقۇپ ھالال ئىشلەشنى خالىمايدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۆز يۇرتىدا روناق تاپالماي، ئايالى سۇلتانخاننى ئېلىپ ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ بىر شەھەرگە بېرىپ ماكانلىشىپ، جانباقى ئىسىملىك باينىڭ تۆگىسىنى ھەيدەيدىغان ئىشلەمچى بولىدۇ. جانباقى بىر كۈنى تۆگىلەرگە نۇرغۇن مال بېسىپ، شاھ ياقۇپنىڭ ھەمراھلىقىدا باشقا شەھەرگە تىجارەت قىلغىلى ماڭىدۇ. ئۇلار بىر قونالغۇغا كەلگەندە شاھ ياقۇپ جانباقىنى ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىپ، ماللىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇ كېچىدە ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنى سۇلتانخاننى ئېلىپ، يەنە باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ ماكانلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جانباقىدىن بۇلاپ ئالغان بايلىققا تايىنىپ، كەيىپ ـ ساپا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ 39 خوتۇن ئالىدۇ. ئاخىر ئۆزىنىڭ قەدىناس خوتۇنى سۇلتانخاننى ئۇرۇپ ـ دەسسەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بىچارە سۇلتانخان چۆلدە تېنەپ يۈرۈپ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالىدۇ ۋە بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە جان ئۈزىدۇ. شاھ ياقۇپ بولسا ئۆزىنىڭ كىچىك قىزلار بىلەن قانداق كۆڭۈل ئاچقانلىقىنى ۋە سۇلتانخاننى ئۆيدىن قانداق قوغلاپ چىقارغانلىقىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىپ ماختىنىپ يۈرىدۇ.

ئەرلەر ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ باغرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندا، شۇنداقلا ئەمگەك قىلىپ قامدىغۇچىلىق رولىنى يوقىتىپ قويغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدىن مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن قەلبنى مەيلى قانچە خوتۇن بولسۇن قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن رەت قىلغان بولىدۇ.

### «نۇزۇگۇم»داستانى

بىـزگە تونـۇش بولغـان بـۇ داسـتاندا ئەرلەرنىـڭ خـاراكتېر جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، ئاياللارنى دەپسەندە قىلىش خاھىشى، ئاياللارنىڭ ئەرلەردەك جاسارىتى مەدھىيەلىنىدۇ.

### «ھەۋزىخان» داستانى

قاراقاش ناھىيە ئىمامى ئەپتەر يېزىسى ئارىغول مەھەللىسىنىڭ يۈز بېشى يۈسۈپ مىراپ بېگىمنىڭ ئوغلى ئابدۇللا بىلەن شۇ يېزىنىڭ باغ ئېرىق كەنتىدىكى باھاۋۇدۇن يۈز بېشىنىڭ قىزى ھەۋزىخان بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. ئەمما، باھاۋۇدۇن يۈز بېشى ئۇلارنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلمايدۇ. شۇڭا، ئابدۇللا بىلەن ھەۋزىخان ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ نىكاھلىنىدۇ. ئۇلار بىر مەزگىل ئىناق، خۇشال - خۇرام ياشايدۇ. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇللا ئۇچمە كۆڭۈللۈك قىلىپ، ھەۋزىخاننىڭ دوستى ھەمراخان بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىدۇ. ھەۋزىخان ئابدۇللاغا بۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە يېلىنىپ - يالۋۇرىدۇ. ئەمما، ئابدۇللا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ. بىر كۈنى ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان بىللە تۇرغاننىڭ ئۈستىگە ھەۋزىخان كېلىپ قالىدۇ. ئابدۇللا ھەۋزىخاننى كۆرۈپلا قېچىپ كېتىدۇ. ئاچچىقىغا بەس كېلەلمىگەن ھەۋزىخان ھەمراخانغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ۋەقەدىن كېيىن ھەۋزىخان ئېسىنى يىغىپ، قىلغان ئىشىغا كۆپ پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى دەرھال يامۇلغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەۋزىخان يامۇلغا چۈشىدۇ. باھاۋۇدۇن باي نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنى ئامبالغا پارا بېرىپ، قىزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولىدۇ. بىراق، ھەۋزىخان دادىسىنى بۇنداق قىلىشتىن توسىدۇ. ھەۋزىخان ئۆزىنى دوستى ھەمراخاننىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇناھكار ھېسابلايدۇ. شۇڭا

چاپسانراق ئۇ دۇنياغا بېرىپ، ھەمراخانىدىن كەچۈرۈم سورىماقچى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن ئابدۇللانىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىن بىزار بولىدۇ. بۇنداق قارا نىيەت ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشىغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى دەپ ئويلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەۋزىخانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ھەۋزىخان چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، يۈز - كۆزىگە گىرىم قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن جازا مەيدانىغا بارىدۇ. چېرىكلەر ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ. باھاۋۇدۇن باي قىزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەلىپى بويىچە ئۇنى ھەمراخان بىلەن بىر قەبرىگە دەپنە قىلىدۇ.

بۇ داستاننى ئەرلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئاجىزلىقى چەككە يەتكۈزۈلگەن داستان دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، ئەر گېپىدە تۇرمايدىغان ئادەم، ئىككىنچىدىن، قورقۇنچاق، ئۈچىنچىدىن، قىلغان ئىشىغا ئىگە بولمايدىغان شەخسىيەتچى، تۆتىنچىدىن، ئۆزىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئايالىنى قوغداش، ئىگە بولۇش، ئاسراش ئېڭى كەمچىل نامەرد. ئايال بولسا يەنىلا جاسارەتلىك، قەيسەر.

**«ئەيسابەگ» داستانى**

بۇنى ئەرلەردىكى خاراكتېر ئاجىزلىقى، شۇنداقلا ئاياللاردىكى بېشەملىك چەككە يەتكەن داستان دېيىشكە بولىدۇ.

مەن داستانلارنىڭ ئانىسى سانىلىدىغان «ئوغۇزخان» داستانىدىن باشلاپ يېقىنقى زاماندىكى داستانلارغىچە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە 70 داستاننى بىرمۇ بىر كۆرۈپ

چىقتىم. يۇقىرىدا بەرگەنلىرىم شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق خاراكتېر بىرقەدەر ئېنىق بولغانلىرى. مەن بۇ داستانلارنى كۆرۈش جەريانىدا ئاجايىپ بىر خىل باغلىنىشنى ھېس قىلدىم.

يەنى ئېپتىدائىي دەۋرگە تەۋە داستانلاردا ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئەت ئەڭ تىپىك ئىپادىلىنىپتۇ. مەسىلەن: «ئوغۇزخان داستانى». ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە دلستانلاردا ئەرلىك تەبىئەتنىڭ ئىپادىلىنىشى مەلۇم كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سەل - پەل ئاجىزلىشىپتۇ. مەسىلەن: «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان داستانى»دىن «لەيلى - مەجنۇن»، «تاھىر - زۆھرە»، «پەرھاد - شېرىن داستانى»غىچە. يېقىنقى 200 يىل ئىچىدىكى داستانلاردا، يەنى «بوز كۆرپەش ۋە قارا ساچ ئايىم داستانى»دىن «ھەۋزىخان داستانى»، «ئەيسابەگ داستانى»غىچە ئەرلىك تەبىئەت قانچە ئاجىزلاشسا، ئاياللىق تەبىئەتمۇ شۇنچە ئاجىزلايدۇ. ئەرلەرنىڭ تەبىئىتى بارغانسېرى ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ تەبىئىتى بارغانسېرى ئەرلەرگە يېقىنلىشىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئەرلەرنىڭ ئەرلىك خاراكتېرى ئاجىزلىغانسېرى، ئاياللارنىڭ ئاياللىق خاراكتېرىمۇ تەڭ ئاجىزلىغان. يەنى ئەرلەرنىڭ ئەرلىك خاراكتېرى ئاجىزلىشىپ ئاياللىق خاراكتېرگە يېقىنلاشقانسېرى، ئاياللارنىڭ ئاياللىق خاراكتېرى ئاجىزلىشىپ ئەرلىك خاراكتېرگە يېقىنلاشقان.

بۇ پىسخىكا جەھەتتىكى ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. يەنى، ئەر خاراكتېر جەھەتتە ئاجىزلىغانسېرى، ئايالمۇ ئاياللىق خاراكتېرىنى ئاجىزلىتىش ئارقىلىق ئەرگە ماسلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالىدۇ.

ئادەم ئاتا قىسسىسىدە ئادەم ئاتا ئۆز جۈپتى بولغان

ھاۋائانىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدۇ ۋە ئۇنى يېنىغا چاقىرىدۇ. يەنى باغرىغا تارتىدۇ. ئەرنىڭ باغرى بولسا دەل ئايالنىڭ ئەسلىي ئورنى. ئەر ئۆزىنىڭ بىر قىسمىغا مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش ئايالغا مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلسا ھەم باغرىغا ئالسا ئايال شۇنىڭدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ ھەم ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. شۇندىلا ئايال ھەقىقىي قانائەتكە ئېرىشىدۇ. ئەرمۇ ئايالنى باغرىغا ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولۇش خۇشاللىقىغا ئېرىشەلەيدۇ ـ دە، ھەقىقىي قانائەت ھېس قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئەرنىڭ ئۆز جۈپتىگە مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلماسلىقى ئەمەلىيەتتە ئۆز تەبىئىتىدىن ئۆزى قاچقانلىق بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا ئەر مەڭگۈ قانائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. «سۇلتانخان ۋە شاھ ياقۇپ» داستانىدىكىدەك ئەر مەيلى قانچە ئايالنى ئالماشتۇرسۇن قەلبىنى تىنچىتالمايدۇ. ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەرنىڭ چەتكە قېقىشى، روھىي جەھەتتە رەت قىلىشى ئايالنى پاناھگاھتىن ئايرىغانلىق بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئايال پاناھگاھ ئىزدەپ قىلمىغىنى قالماسلىقى مۇمكىن. خۇددى «ھەۋزىخان» داستانىدىكىدەك.

گۇننار ئالفرېد ياررىڭنىڭ (1907 ـ يىلى تۇغۇلغان) ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇزۇن يىل تەكشۈرۈش تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۇچۇر بار (گۇننار ئالفرېد ياررىڭنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 265 ـ بېتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى):

خوتەن دىيارىدا بىر باي ئوغلىنى ئۆيلەمەكچى بولۇپ، نەسەب جەھەتتە ئۆزلىرى بىلەن تەڭ كېلىدىغان بىر باينىڭ

قىزىغا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ باي ئۈزلىرىگە ئەلچى كىرگۈزگەن باينىڭ ئوغلىنىڭ سەل ئالىقانات ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ۋاقىتنى سوزۇپ تويغا دەرھال ماقۇل بولماپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يىگىت تاقەت قىلىپ بولالماي، بازارغا بېرىپ باشقا بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەخلاقسىز ئايالنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەنلىكىدىن نومۇس قىلىپ، ئوغلىنى ئۇ ئايالدىن ئايرىپ ياخشى ئائىلىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ ئايالدىن ئايرىپ، ئۆزلىرىگە توغقان كېلىدىغان باشقا قىزنى ئېلىپ بېرىدۇ.

گۈننار ياررىڭ ئۆز خاتىرىسىدە تۆۋەندىكى مەزمۇننى يەرلىكلەرنىڭ تىلى بويىچە خاتىرىلىگەن بولۇپ، بىز بۇ خاتىرىدىن رىئال تۇرمۇشتىكى يىگىتلەرنىڭ يەڭگىلتەكلىكى، ئاسانلا ۋاز كېچىش، ئىگە بولماسلىق، گېپىدە تۇرماسلىقتەك ئىللەتنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خاتىرىدە بۇزۇق ئايال تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئايالنى دەل ئۆزىنىڭ ئەرنىڭ باغرىدىكى ئورنىنى تاپالماي چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتقان ئايال دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئايال قايتا ـ قايتا رەت قىلىنىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدىغان بۇ ۋەقەلىك شۇ مەزگىللەردىكى داستانلارنىڭ ۋەقەلىكلىرى بىلەن باغلىنىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ئەسىرىدە بىزگە مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ:

مېنىڭچە يىپەك يولى خارابلاشقانلىق، بېكىنمە ئىگىلىك گادايلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكى پۈتكۈل ئاجىزلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مىللەتنىڭ روھىيىتىدىكى ئىللەتلەرنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلىغان:

. . . ياغاچ ئاياغ تاقاپ گەۋدە كۆرسىتىش. ئۆزىنى رامكىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈش. ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ، ئۆزگىنى چۆكۈرۈش. سۈر كۆرسىتىپ سېرىلىپ، ئىشىش. ئارىنى بۇزۇپ سۇلتان بولۇش. كېچىسى بوغۇزلىشىپ، كۈندۈزى ھازىدار بولۇۋېلىش. بالىخانىغا چىقىۋېلىپ، شوتىنى تارتىۋېتىش. ئۆلۈك قوۋۇرغىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، سول بىقىنىغا سانجىش. سەتەڭ سەنەم كوزىرى ئىشلىتىش. بىر كىيىم بىلەن بىرقانچە قېتىم خوتۇن ئېلىش. خوتۇنى قېيىندىغانغا ئېرى قېيىداش. ھارامزەدىلىك. ھەسەتخورلۇق. نامەردلىك. . .

بۇ ئىللەتلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ بۇ ئىللەتلەرنى بىرقاتار كونكرېت تارىخىي ياكى رېئال ئېپىزوتلار بىلەن توشقۇزۇپ كۆرۈنەرلىك دەپ خىتاب قىلغان.

بىز 14- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تاكى 20- ئەسىرنىڭ بېشىغىچە خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان، شۇنداقلا كەڭ تارقالغان داستانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىدىن ياتلىشىشنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى بايقايمىز. بىزنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىمىز، ئەسلىدىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئەت بىر - بىرىگە مېھىرلىك بولۇشنى مەنبە قىلاتتى. قاچانكى، بىر - بىرىگە مېھىرلىك بولۇشتىن چەتنىدۇق. پاجىئەگە شۇنچە يېقىنلاشتۇق. بىز ئەجدادلىرىمىز ئاغزاكى ئېيتىپ قالدۇرغان، شۇنداقلا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغان داستانلىرىمىزدىن بارلىق پاجىئەنىڭ مەنبەسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىشىغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىدەك ئۇچۇرغا ئېرىشتۇق.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ئەسىرىدە مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئىللەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى دېگەن نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈن مەن قاپ يۈرەكلىك بىلەن بارلىق مەنىۋى ئىللەتنىڭ مەنبەسى ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئىتىدىن يىراقلىشىشى، ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى ئىللەتكە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ، ھەتتا روھىي دۇنياسىنى ئىللەت چىرمىۋالىدۇ، ئاقىۋەت ئىللەت خىلمۇ خىل پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن پىكرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

پەرھاد ــ شېرىن داستانىدىكى خۇسرەۋنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكى، شېرىننىڭ تەن بەرمەي كۆرسىتىپ قويۇش خىيالى، تاھىر ــ زۆھرە، لەيلى ــ مەجنۇن داستانىدىكى قەلبىدىن مېھىر ــ مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلەرنىڭ توسقۇنلۇقى، شۇنداقلا تاھىر ۋە مەجنۇندەك تەقدىرگە تەن بېرىدىغان ئاجىزلار، يالپۇزخان داستانىدىكىدەك رەسۋاچىلىق، زىۋىدە قارا كۆز داستانىدىكىدەك ھۇرۇن، تەييارتاپ ئەر. سۇلتانخان ۋە شاھ ياقۇپ داستانىدىكىدەك خوتۇنباز باغرى قاتتىق ئەر. نۇزۇگۇم داستانىدىكىدەك سەرسان بولۇپ ئاخىر ئۆلۈم گىردابىغا بارىدىغان ئايال. كۈندۈشىنى ئۆلتۈرۈپ قاتىل بولىدىغان ھەۋزىخان. گۈننار ياررىڭ خاتىرىسىدىكى بۇزۇق خوتۇن، ئۈنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ــ نۇرغۇن پاجىئە، نۇرغۇن ــ نۇرغۇن ئىللەتلەرنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ بەخت سېزىمىدىن يىراقلىشىپ، خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان كىشىلەر دەل ئەسلى تەبىئىتىدىن يىراقلاشقانلىق سەۋەبىدىن پاجىئەگە يېقىنلاشقان. بۈگۈنكى كۈندىكى نىكاھتىكى كۆڭۈلسىزلىك، بۇزۇلۇشلارمۇ، راديو ئالدىدا ئولتۇرۇپ قولىغا تەستە تېلېفون

تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ ئازابلىرىغا داۋا ئىزدەيدىغانلارمۇ دەل ئەسلىي تەبىئەتتىن يىراقلىشىشنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىلار.

بىراق، بەك ئۈمىدسىزلىنىپمۇ كەتمەيلى. ھاۋا ئانا، ئادەم ئاتا قىسسىسى بىزگە نىكاھنىڭ قېلىپىنى سىزىپ بەرگەن. ئەرلىك ۋە ئاياللىقنىڭ بەلگىسىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇ قىسسە بىزگە يەنە تارىختىكىدەك، شۇنداقلا بۈگۈنكىدەك ئايىنىپ كېتىشنىڭ بىشارىتىنىمۇ بەرگەن. ھاۋا ئانا ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرىدىن قابىل شەيتاننىڭ ئازقىسىغا كىرىپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن. ھەم بۇ ئارقىلىق بىزگە روھىي ئىللەتكە تولغاندا ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن. ئادەم ئاتا، ھاۋائانىمۇ دەل گۇناھ سەۋەبىدىن ئەرشتىن قوغلانغان. بۇلار بىزگە بېرىلگەن بىشارەت ئىدى.

يەنە ئەسلىي گېپىمىزگە قايتساق، نىكاھتا بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببەت، قىزىقىش، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، نىكاھ قەسەمىگە ئەمەل قىلىش ئىرادىسى، ئېتىقادتىن باشقا ئەڭ مۇھىم يەنە بىر تەرەپ ئەرلەرنىڭ ئەرلىك تەبىئەتكە ۋە ئاياللارنىڭ ئاياللىق تەبىئەتكە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىقى. ئەلۋەتتە، قەدىمكى دەۋرلەردىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ياشاش شەكلىدە بەك چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغىنى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ياشاش شەكلىدە ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئەتنىڭ ئىپادىلىنىشىنى چەكلەيدىغان ئامىل دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ئاياللار تەبىئىتىدىن ئائىلە ئىشلىرىغا ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئەرنىڭ، بالىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئەڭ چوڭ قانائەتكە ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئاياللارنىڭ خۇشال بولىدىغان،

قانائەت ھېس قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ. ئەرلەر بولسا ئاياللارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تۈۋرۈكى، باش پاناھى. ئەرلەر شۇنىڭدىن قانائەت ھېس قىلىدۇ. خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. بىراق، ھازىر ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشى بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى نوپۇزىغا تەھدىت بولالايدۇ.

ھەقىقەتەن ئەرلەرنىڭ ھازىرقى رولى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس. بىراق، ئاياللارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرى ئىچىدە يەنىلا ئەرنىڭ باغرىغا قايتىش، ئەرنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىنىش، مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشىش، مۇھەببەتنى ئاكتىپ ئىپادىلەشكە بولغان ئېھتىياجى ئەڭ يۇقىرى، ھەتتا بارلىق ئېھتىياجىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ھەقىقەتەن بۈگۈنكى كۈندە، ئاياللارنىڭ ئىمكانىيىتى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كەڭرى. ئاياللار ھەتتا ئەرلەرگە تايانمايمۇ ياشاپ كېتەلەيدۇ. بىراق، ئاياللارنىڭ ھەقىقىي تەلپۈنىدىغىنىمۇ مېھىر - مۇھەببەتلىك، تىنچ، خاتىرجەم، بەختلىك ئائىلە، ئەرنىڭ كۆيۈنۈشى، باغرىغا بېسىشى. ئايال بۇنى ھەتتا ھەممىگە تېگىشەلەيدۇ. ئەرلەرنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرى ئىچىدە چىن كۆڭلىدىن خالايدىغىنى باش پاناھ بولغۇچى، يېتەكلىگۈچى ئورنىنى يوقىتىپ قويماسلىق. شۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەش ئارقىلىق نىكاھتىكى بەختسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشەببۇسىنى رەت قىلىشىمىزنىڭ ياكى گۇمانىي نەزەردە قارىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

مېنىڭچە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەكلىماكاننىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە ياشايدىغان، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادىتىنى ساقلاپ قالغان

بىر ئايال بىلەن تۇرمۇش سەۋىيەسى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغان بىر ئايالنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەسلىي تەلەپ قىلىدىغىنى، ئىنتىلىدىغىنى ئوخشاش، ئىككىلىسى ئەسلىي تەبىئەتتىكە قانچە يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ. ئەسلىي تەبىئەتتىن قانچە يىراقلىغانسېرى بەختسىزلىككە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. بىر ئەرمۇ شۇنداق. تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئەر، شۇنداقلا تۇرمۇش سەۋىيەسى غايەت زور دەرىجىدىكى بۆسۈشكە ئېرىشكەن بىر ئەر ئوخشاشلا ئەسلىي ئەرلىك تەبىئىتى بىلەن ياشىيالىسا بەخت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ. ئەسلىي تەبىئىتىنى يوقىتىپ قەلبى مېھىر - مۇھەببەتسىزلىك بىلەن تولغاندا بولسا ئەتراپىدىكى يېقىن كىشىلىرىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ بەختسىز قىلىدۇ.

خوش، بىزنىڭ بارلىق بەختسىزلىكىمىزنىڭ مەنبەسى ئەسلىي تەبىئىتىمىزدىن يىراقلىشىش بولغان بولسا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېيتقىنىدەك شۇ ئىللەتلەرنى بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا سېلىپ ئۇنىڭ كونكرېت رېئال ئىپادىسىگە قاراپ باقايلى. ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا قىسسىسى، شۇنداقلا تۈرلۈك خاتىرىلەر ئارقىلىق بىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن ئىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى تەسۋىرىنى كۆرۈپ باقايلى. ئەلۋەتتە كۆرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بىز قانداق قىلىپ ۋۇجۇدىمىزدىكى ئىللەتلەرنى بىردىن - بىردىن تازىلاپ چىقىرىپ، مېھىر - مۇھەببەتلىك ئەسلىي تەبىئىتىمىزنى جۇلالاندۇرالايمىز؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى بىر ئىللەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئىللەت ھەر دەۋردە ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى كۈندىكى بىزنى ئەسلىي تەبىئىتىمىزدىن يىراقلاشتۇرىدىغان سىرتقى رېئال ئامىللار،

شـۇنداقلا ئـۇزۇن زامـانلاردىن بۇيـان روھىيـتىمىزنـى چىرمـاپ، ئەسلىي تەبىئىتىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرگەن ئىللەتلىرىمىزدىن قانداق قىلغاندا ئۇنۇملۇك ساقلىنالايمىز؟ شـۇنداقلا بۈگـۈنكى دەۋردىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىنى قانـداق تونـۇش ۋە قايسى خىل شەكىلدە يېقىنلىشىش كېرەك؟ بۈگۈنكىدەك ئالاھىدە زامان ۋە ماكاندا ھەر بىر ئەر ۋە ئايال قانداق قىلغاندا ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىگە ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلىشالايدۇ؟... مەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردا بۇ ھەقتە كونكرېت توختىلىمەن.



نىكاھتا بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت، قىزىقىش، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، نىكاھ قەسىمىگە ئەمەل قىلىش ئىرادىسى، ئېتىقادتىن باشقا ئەڭ مۇھىم يەنە بىر تەرەپ، ئەرلەرنىڭ ئەرلىك تەبىئەتكە ۋە ئاياللارنىڭ ئاياللىق تەبىئەتكە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىقى.

# ئەرلىك ۋە ئايالىق تەبىئىتىنى تونۇش

«ئەتىرگۈلدەك هايات» ناملىق دىرامىنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. دىرامىدا جاپالىق كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن هال كۈنى ياخشىلىنىپ، ئىگىلىكىنىڭ زورىيىشى بىلەن ئەر سىرتقا قاراپ نىكاھ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىدۇ. دىرامىدىكى ئەر تەبىئىتى رەزىل، نومۇسسىز كىشىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇ كىشى تېگىدىن ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، قەلبىدە مۇھەببەت بار كىشى. بىراق، ئۇ نىكاھ تۇرمۇشىنى بۇزىدىغان يولغا مېڭىپ قالىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئايالى يولدىشىغا يېتەرلىك مېهىر ـ مۇھەببەت بېرەلمىگەن هازازۇل ئايالمۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئۇ ئايال قىيىن شارائىتتا يولدىشىغا هەمدەمدە بولغان مېهرىبان ئايال، ئۇ ئايال يولدىشىنىڭ كۆڭلى قالغۇدەك ئىشنى ئەسلا قىلمايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلغان نەرسە زادى نېمە؟

ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مېهىر ـ مۇھەببەت ئۇلارنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادەملەرگە ئايلاندۇرىدۇ. ئارىدا تالاش ـ تارتىش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى هېس قىلالايدىغان بولغاچقا، تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىدۇ. ئەكسىچە، «ئارىدا مېهىر ـ مۇھەببەت قالمىدى» دەپ قارىغاندا بولسا، ئەر ـ خوتۇننىڭ ياتلاردىن هېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. هەتتا ياتلاردىنمۇ بەتتەرلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن بىزار بولىدۇ. بىر ـ

بىرىنى قىينايدىغان، ئازابلايدىغان «دۈشمەن»لەرگە ئايلىنىدۇ. رېئاللىقتا كۆپ ھاللاردا ئەر ـ خوتۇنلار قانداق قىلىپ بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئايىمايدىغان، بىر ـ بىرىگە ئازار بېرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالىدۇ. نىكاھ تۇرمۇشى مەنىسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىك ۋە ياكى خاتىرجەمسىزلىك پاتقىقىغا پاتقاندا مۇھەببەت ئىزدىشىدۇ. بەزىلەر مۇھەببەت ھېسسىياتىنى قايتا يالقۇنجىتىشقا قادىر بولسا، بەزىلەر ئارىدىكى يوقىتىپ قويغان مۇھەببەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى مۇھەببەتسىز تۇرمۇشقا قانائەت قىلىپ ياشىسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا سىرتتىن مۇھەببەت ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نىكاھىنى «ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچراتمايمىز» دەيدىغانلار كۆپرەك. ئەلۋەتتە، بىر ـ بىرىدىن يىراقلا ۋاز كېچىدىغانلارمۇ بار.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، دىرامىدىكى ئايال قانداق قىلىپ يولدىشىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ؟

ئۇ رايىش، ئەرنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدىغان، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدىغان ياخشى ئايال. لېكىن، ئۇ ئايال مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالدى. بىز ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىشىنى ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شۇ خىل ياخشى پەزىلەتلەر بىلەن باغلاپ باقايلى. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋال دىرامىدىلا ئەمەس، رېئاللىقتىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، نۇرغۇن «ياخشى» ئاياللار نىكاھ تۇرمۇشىدا مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇنداقتا، ئاياللار «ياخشى» بولماسلىقى كېرەكمۇ؟ «ئاياللىققا قايتىش» ناملىق كىتابىمدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتىم: «ئاياللار سىلىق ـ سىپايە، يۇمشاق تەبىئىتىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. قوپاللىق، جاھىللىق ئاياللارنى بەختتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.» بۇ دېگىنىم

ئاياللار نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۆز ئېھتىياجىنى، ئارزۇسىنى، قىزىقىشىنى يوقىتىش ياكى قۇربان قىلىش بەدىلىگە «ياخشى ئايال» بولۇش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئەرنى ھۆرمەت قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆزىنىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان ئايال بولۇش بەك مۇھىم. سەۋەبى، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلغاندا باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. باشقىلارغا «مېنى ھۆرمەت قىل، مەن ئۆزۈمنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئايال» دېگەنلىك بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. غۇرۇرى ئازار يېگەندە، مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا، ئۆز ھېسسىياتىنى توغرا ئۇسۇلدا يەتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئەقىللىق ۋە جۈرئەتكە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىر قىسىملارغا نەزەرىيە سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. سەۋەبى، بىز بۇنداق گەپلەرنى بەك كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن. «ئۇنداق قىلىش كېرەك»، «بۇنداق قىلىش كېرەك» دېگەن گەپلەر بىزگە ئانچە بەك يېقىپ كەتمەيدۇ. بىراق، ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر - بىرىگە توغرا ئۇچۇر يەتكۈزۈشكە ئادەتلەنمىسە بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، نېمىدىن سەسكىنىدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلاردىن بىئاراملىق ھېس قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلاردىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى يوشۇرماي، مۇۋاپىق ۋاقىتتا، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا قارشى تەرەپكە ئىپادىلىگەندە، تۇرمۇشتىكى كۆڭۈل ئاغرىقىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت قەلب بىلەن قەلبنىڭ ئالاقىسى، ئۇنداق ئۇستىلىقلارنى سىغدۇرالمايدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇ بىر خىل خاتا قاراش. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، سىز

ئەتراپىڭىزغا ياكى ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، تۇرمۇشتا كەم بولۇۋاتقان نەرسە نېمە، سىزنىڭ ئىزدەۋاتقىنىڭىز نېمە، شۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەتلىك بېقىپ «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى قانداق؟ شۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، سېلىشتۇرۇپ باقىدىغانلا بولسىڭىز، دېگەنلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە چىنپۇتىسىز.

ئەرلەر مۇستەقىل قارىشى يوق، ئۆزىنى پۇتۇنلەي يېغىشلاپ، قىزىقىشى ۋە ياشاش پىرىنسىپىنى يوقاتقان ئاياللاردىن ئاسانلا بىزار بولىدۇ. ئۇنداق ئاياللار تۇرمۇش ئۈچۈن شۇنچە ئەجىر قىلىسىمۇ، كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشتىكى ئازار يېگۈچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

**1. ئايال قانات ئاستىغا ئېلىنغۇچى، ئاسرالغۇچى، قوغدالغۇچى، قوغلىشىش ئوبيېكتى، تەۋە بولغۇچى؛ ئەرلەر بويسۇندۇرغۇچى، قانات ئاستىغا ئالغۇچى، قوغدىغۇچى، ئاكتىپ ھۇجۇم قىلغۇچى، ئېرىشكۈچى.**

بۇ ئاياللار ۋە ئەرلەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدىكى ئاياللىق ۋە ئەرلىك تەبىئىتى. مەيلى مۇستەقىللىقى قانچىلىك كۈچلۈك، ئاكتىپ ئايال بولسۇن، سۆيگەن يىگىتىنىڭ ئۆزىنى ئاكتىپ قوغلىشىشىنى، ھەرقايسى تەرەپلەردە ئۆزىدىن كۈچلۈك بولۇشىنى، قانات ئاستىغا ئېلىشىنى، ئاسرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئاكتىپ ئىپادىلىشىنى خالايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايال ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆزىنى بەختلىك سېزىدۇ. ھەتتا ئەر ـ ئايال جېدەللىشىپ قالغاندىمۇ

ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلمايدۇ. ئاسرىلىش، قوغدىلىش، قانات ئاستىغا ئېلىنىش ئىستىكى قاندۇرۇلمىغاندا بولسا، بىلىندۇرمىگىنى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۆزىنى يالغۇز، بىچارە ھېس قىلىدۇ. مەيلى قانچىلىك ئىچ مىجەز، ياۋاش ئەر بولسۇن، قۇدرىتى يەتسۇن ياكى يەتمىسۇن، ئۇلاردا ئېرىشىش، قوغلىشىش، قانات ئاستىغا ئېلىش، ئاسراش ئىستىكى بولىدۇ. نىكاھ تۇرمۇشىدا يۇقىرىقى قانۇنىيەتتىن چەتنىمىگەن بىر جۈپلەر نىكاھ تۇرمۇشىنى بەك چوڭ زىددىيەتتىن خالىي ھالدا مۇھەببەتلىك ئۆتكۈزەلەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا مەسىلە چىقماي قالمايدۇ.

**2. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئەرلەر جىسمانىي جەھەتتىكى يېقىنلىقنى، ئاياللار بولسا روھىي جەھەتتىكى يېقىنلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى.**

جىسمانىي جەھەتتىكى ئىنتىلىشنى قوزغايدىغىنى سەزگۈ ئەزالارنىڭ غىدىقلىنىشى. سەزگۈ ئەزاغا تەسىر كۆرسىتىدىغىنى تاشقى قىياپەت. بۇ ئەرلەرنىڭ گۈزەل ئاياللارنى نېمە سەۋەبتىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئۇلار ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزاسىغا تەسىر قىلغان ئايالنى بويسۇندۇرۇشنى ئۆز ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاش، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەرلەر گۈزەل ئاياللار بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ. ئۇلارنى كېيىنكى ئۆمرىنى بىرگە ئۆتكۈزىدىغان ھەمراھى قىلىپ تاللاشتىكى ئۆلچەم قىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. كىشىلەر ئاياللارنى ھېسسىياتچان، ئەرلەرنى بولسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ، ئاياللارغا قارىغاندا ئەقلى بىلەن ئىش قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز قىسمەن توغرا. ئەرلەر بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قوغلىشىدۇ. پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى قانداق قىلىپ شۇ ئايالنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە

قارىتىدۇ. بۇ خۇددى ئۇۋۇچىنىڭ ئولجىنى قولغا چۈشۈرۈش ئالدىدىكى روھىي ھالىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار شۇنداق ھېسسىياتچان بولۇپ كېتىدۇكى، ئاياللار مۇشۇ ئەر بىلەن بىللە ياشىسا خۇددى بىر ئۆمۈر مەڭگۈ شۇنداق قىزغىن مۇھەببەت ئىچىدە ياشايدىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. بىراق، كۆپ ھاللاردا ئىشلار ئاياللارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالىدۇ. ئايالنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەر ئەقلىيلىشىشكە قاراپ ماڭىدۇ. ئەكسىچە ئايال بولسا بۇ ۋاقىتتا مۇھەببەت قاينىمىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەرنىڭ يەنە داۋاملىق شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈشىنى كۈتىدۇ. ئەرنىڭ بويسۇندۇرۇش ئېھتىياجى قېنىپ بولغاندىن كېيىن ئەقلىنى ئىشلىتىپ بۇ ئايالنى سۆيسەم بولامدۇ ـ يوق، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالامدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاشقا باشلايدۇ. ئادەتتە كونكرېت بۇنداق خىيالنى قىلمىسىمۇ، ھەرىكىتىدە ئاڭسىز ھالدا شۇ ئوي بويىچە يول تۇتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەرنىڭ مۇھەببىتىنى يەنە داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ياكى قالالماسلىق ئايالدىكى گەپ بولۇپ قالىدۇ. يەنى ئەرنىڭ مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسىنى، ئاسراش، قانات ئاستىغا ئېلىش ئىستىكىنى قوزغىيالامدۇ ـ يوق؟ بۇ بەك مۇھىم. شۇنداق قىلالايدىغان ئاياللار ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، داۋاملىق مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئۇچۇن باسقان قەدىمى تولىمۇ مۇشەققەتلىك ياكى مۇھەببەت پۇرىقى ئاجىز، تولىمۇ مەنىسىز تۇرمۇش بولۇپ قالىدۇ. نېمىگە ئاساسەن شۇنچە كېسىپ ئېيتىسىز، دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى قۇرلارغا يەنە داۋاملىق نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.

**3. ئەرلەر كونترول قىلىنىشنى خالىمايدۇ، ئاياللار ئېتىبارسىز قېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى.**

ئەرلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۇنچە تەس ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلەش، بىر ئۆمۈر سۆيىدىغان ھەمراھى قىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىر قىسىم ئاياللار «نېمىدېگەن جاپالىق، بولدى، شۇ مۇھەببەتكە ئېرىشمەيمەن»دېيىشى مۇمكىن. سىز مۇھەببەتسىز تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز ھەمدە ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق قىلىپ بولغان بولسىڭىز، بۇمۇ ئىختىيارىڭىز. بىراق، «تۇرمۇشۇمدا مۇھەببەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگۈچىلەرنىڭ بۇنداق ئويلىشىغا رۇخسەت يوق. ئەقىللىق ئاياللار ئەرلەرگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەقىل پەقەت بىلىم سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. سەۋىيەلىك نۇرغۇن ئاياللار ئىچىدىمۇ نىكاھ تۇرمۇشىدا بەختسىز بولۇپ قېلىۋاتقانلار بار. چىراي شەكلى ئادەتتىكىچە، تەربىيەلىنىشى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، بىراق ھەمراھىنىڭ كۆزىگە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايالدەك كۆرۈنۈپ چىن دىلىدىن سۆيۈشكە ئېرىشىۋاتقان نۇرغۇن ئاياللار بار. بۇنداق ئاياللار دەل مۇھەببەتكە ئېرىشىشنى بىلىدىغان ئاياللار. ئۇلار تۇرمۇشتا «ئەقىل ئىشلىتىمەن، كونترول قىلىمەن، قېلىپىمغا چۈشۈرىمەن» دەپ چارچاپ ياشىمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئەقىل ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئۇچ ۋاق تاماق يېگەندەك تەبىئىي ھېس قىلىدۇ.

نىكاھ تۇرمۇشى توغرۇلۇق مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن، ئائىلىمىز ئۇچۇن شۇنچىلىك ئەجىر قىلسام، ئاخىرىغا بېرىپ ماڭا ئازار

بەردى، يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىدى» دەيدۇ. ئۇنداق ئاياللار دەل نىكاھ تۇرمۇشىدا ئائىلىگە، ئەرگە ئاتا قىلىشنىلا بىلىپ، ئېلىشنى بىلمىگەنلەر. نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ئۇلارنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

پسىخولوگىيەدە ئاياللارنىڭ ھاياتىنى چوڭ جەھەتتىن ئىككى باسقۇچقا بۆلىدۇ. بىرى، 30 ياشتىن بۇرۇنقى بالىلىق خاراكتېرى ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدىغان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا ئاياللار ئەركە يۆلىنىشچان، نازۇك تەرىپىنى كۆپرەك ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىرى، 30 ياشتىن كېيىنكى ئانىلىق خاراكتېرى كۈچلىنىدىغان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا ئاياللار باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ھەتتا كىچىككىنە زەخمە يېگەن بىرىنى كۆرسىمۇ ئىچ ئاغرىتىدىغان بولىدۇ. بۇ چوڭ جەھەتتىن ئاياللارنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچى. بىراق، بىزدە بىرىنچى باسقۇچ قىسقىراپ كېتىدىغان، مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىللەردىلا ياكى نىكاھلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككىنچى باسقۇچقا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەھۋال ئېغىر. يەنى ئاياللار ئاسانلا باشقۇرىدىغان، ئېغىرنى ئاسان قىلىپ بېرىدىغان، گۇمانلىنىدىغان، قۇسۇر ئىزدەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ نازۇك، ئەركە تەرىپىنى نامايان قىلىشقا سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئالدىنقى خاراكتېرى كۈچلۈك ئاياللار ئەرلەرنى ئۆزىگە بەكرەك تارتىدۇ. كېيىنكى خاراكتېرنى بەك بۇرۇن ئىپادىلىۋەتكەندە بولسا، ئەرگە خۇددى ئانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىن چىقىپ، يەنە بىر ئانىنىڭ باشقۇرۇشىغا يولۇققاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتتىكى مۇھەببەت ئوتلىرى ناھايىتى تېزلا سۇسلاشقا باشلايدۇ. ئەر ئاتا - ئانىسىغا ئەركىلىگەنگە ئوخشاش ئايالىغا ئەركىلەيدىغان ياكى قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەركىلەش دېگەنلىك، بىرەر ئىش ئۆز رايىدىكىدەك بولمىسا خۇيلىنىش،

گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىش ياكى مەسئۇلىيەتتىن قېچىش، ئىتتىرىش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق ھالەتتە قانداقمۇ مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولسۇن؟ بۇنداق بولغاندا ئائىلىدە ئانا ـ بالىلىق تۈسىنى ئالغان مۇناسىۋەت شەكلى ئاساس، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت تۈسى قوشۇمچە بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا بالا چوڭ بولغانسېرى ئارىدا بالا توغرىسىدا بولۇنىدىغان پاراڭدىن باشقا پاراڭ قالمايدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ.

**4. نىكاھ تۇرمۇشىدا ئەر ـ خوتۇنلار چوقۇم ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت (يەنى، ئەرنىڭ تۆۋەنگە قارىغان، ئايالنىڭ يۇقىرىغا قارىغان) قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، ئەر ئائىلىدە باشلىغۇچى، ئايال «ئەقىللىق» ئەگەشكۈچى ئورۇندا تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بولۇشنى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بەلگىلىگەن.**

نىكاھ تۇرمۇشىدا ئايال ئەقىللىك ئەگەشكۈچى بولۇشى كېرەك. قانداق ئىشلارغا «ھەئە»، قانداق ئىشلارغا «ياق» دېيىشنى بىلىش بەك مۇھىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھامان بىر كۈنى نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ھۆرمەتتىن، ئاسراشتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئايال يېڭى مۇھەببەتلەشكەن ياكى يېڭى توي قىلغان ۋاقىتتىكى مەلىكىدىن ئەرنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇچىغا، بالا باققۇچىسىغا، قارشى تەرەپ بولسا قوغلاشقۇچىدىن، ئەزگۈچىگە، قاچقۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئايال قارشى تەرەپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ باشقا ئاياللارنىڭ پېيىدا يۈرۈۋاتقان بولىدۇ. ئەرنىڭ چوقۇم ئائىلىدە قىلىدىغان ئىشى بولۇشى، ئۇ ئىشنى خۇددى ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدەك، ئۇنى قىلمىسا نورمالسىزلىق ھېس قىلغاندەك تۇيغۇدا ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى

كېرەك. بۇنداق دېسەم خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر قىسىم ئائىلىلەر ئائىلىدىكى بارلىق يۈكنى، يەنى بالىلارنىڭ، ئەرنىڭ، چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتىن تارتىپ، ئائىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر ئۆي ئىچىدىكى ئىشلارغا ئانچە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان، كۆپرەك ئۆزىنىڭ خىيالىنى قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. باشتا تىلغا ئالغان ۋەقەلىكنى ئەسلەپ باقايلى. ئۇ ئايال يولدىشى ئۈچۈن، ئائىلىسى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدۇ. ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ بۇنداق مىساللار نۇرغۇن.

بىر ئايال مۇنداق دېگەنىدى: ئۆيدە قارار قىلىدىغان چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن قارار قىلىمەن. ئۆي ئالىدىغان، ئۆي ساتىدىغان، ھەتتا بالىلارنىڭ ئىشىغىچە... ئۇ ئايال ھەممە ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالسا، ئۆيدە ئەر باش قاتۇرىدىغانغا ئىش قالامدۇ؟ ئەرنىڭ ئائىلىدە قىلىدىغانغا ئىشى قالمىسا، خۇددى قۇرامىغا يەتمىگەن بالا ئاپىسىغا ئەركىلىگەندەك، ئېغىرىنى سالىدىغان، يۆلىنىۋالىدىغان ياكى «قىلىدىغان ئىشنى» سىرتتىن تاپىدىغان بولۇپ قالماي قانداق قىلىدۇ؟ مەن بۇ يەردە ئاياللارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس، بەلكى مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقماقچى. مەسئۇلىيەتسىز ئەرلەرنى ئەيىبلەش كېرەك. بىراق، ئاياللارمۇ ئۆزىدىكى مەسىلىنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالمىسا بولمايدۇ. ھەممە ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالىدىغان «ياخشى ئايال» ئەرلەرنى ئائىلىگە ياكى ھەمراھىغا مەسئۇلىيەتسىز قىلىپ قويىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ياخشى ئايالىنى قويۇپ، سىرتتىن كۆڭۈل خۇشى ئىزدىگىنىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان،

سوغۇق مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنىڭ ئۆزى ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا مەسىلە پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

**5. ئەرلەر ئايالىنىڭ ئۆزىدىن «ئاجىز» بولۇشىنى، يەنى ئايالىنىڭ رايىش، ۋاپادار، ھەر ۋاقىت ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، ھېسسىياتچان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.**

ئەرنىڭ ئەرلىك خاراكتېرى ئاجىز بولسا، ئايالىدىن يۇقىرىقىدەك تۇيغۇلارنى ھېس قىلالمىسا، شۇنداق تۇيغۇنى ئىزدەشتىن ساقلىنالمايدۇ. شۇ خىل تۇيغۇنى بىرلا ئايالدىن ھېس قىلالىسا بۇ ئۇلارنىڭ تەلىيى. ئەگەر بىر ئايالدىن ھېس قىلالمىسا، ئوخشاش بولمىغان ئاياللاردىن ئوخشاش بولمىغان تەسىراتنى ئىزدەيدۇ. ناۋادا گېپىمدىن گۇمانلانسىڭىز، ئەرلەر ئۆزلىرىنى مەھلىيا قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزىنى مەھلىيا قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ باقسا، ئاياللار بولسا ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتىپ باقسىلا ھەممە ئايدىڭ بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئاياللارچۇ؟ ئاياللار شۇنداق سورىشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئوخشاشلا شۇنداق يوشۇرۇن ئېھتىياج بولىدۇ. يەنى ھەمراھىنىڭ ئەخلاقلىق، روھىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسكىن، ھېسسىياتىنى ئاكتىپ ئىپادىلەيدىغان، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، قىزغىن بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. مانا بۇ بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى، ئۆزگە بەرگەن ئازارلىرىنى نېمە سەۋەبتىن شۇنچە تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

قىسقىسى، ئەرلەر ئاياللارنى قوغلىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. ئەرلەر باشقۇرۇلۇشنى، ئاياللارنىڭ چېپىلمۇپلىشىنى، كۆپ گەپ قىلىپ بېشىنى ئاغرىتىشىنى خالىمايدۇ. ئەرلەرنىڭ

بويــسۇندۇرۇش ئــــستىكى كۈچلــۈك. كــۆزلىگەن نــــشاننى بويسۇندۇرمىغۇچە بولدى قىلغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ جەرياندا ھەتتا ئۆزىنىــڭ خــاراكتېرىگە مــاس كەلمەيــدىغان بەزى ئــشلارنىمۇ قىلــىپ قويۇشــى مــۇمكىن. مانــا بۇمــۇ كۆرۈنۈشــتە ئىنتــايىن سالاپەتلىك، ئەخلاقلىــق كۆرۈنــدىغان بىــر قىــسىم ئەرلەرنىڭ ئــۆزى كــۆز تاشــلىغان ئاياللارنىــڭ ئالدىــدا ئــۆزىگە ئوخــشىماي قالىــدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. يەنىمــۇ ئىنچىكىلىــسەك، ئەر - خوتۇنلار ئارىدىكى مۇھەببەتنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا سەل قارىغاندا، قايسى ۋاقىتتا ئەرلەرنىڭ ئەخلاق بىــلەن ئىقابلانغــان يۈزىنىــڭ ئورنىغـــا ئەخلاقـــسىزلىق بىـــلەن ئىقابلانغـــان يۈزىنىـــڭ ئالمـــشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلـــى بولمايـــدۇ. قەلبىـــدە «ئۇنداق قىلــسام بولمايــدۇ» دەيــدىغان ئېتىقــاد ۋە ھەمراھىغــا بولغــان كۈچلــۈك مېھىــر - مــۇھەببەت بولمايــدىكەن، ھەتتــا كۈچلـــۈك مەســئۇلىيەت، مەجبـــۇرىيەت تۇيغۇســـى بولغـــان تەقدىردىمۇ، ھېچكىم ئۇلارنى نىكاھ تۇرمۇشــىغا مەڭگــۈ سادىق بولــۇپ ئۆتەلەيــدۇ، دەپ ھــۆددە قىلالمايــدۇ. بۇنــداق ئەرلەرنىــڭ ئەخلاقلىــق يۈزى «ياخشى» ئاياللارنى خالايدۇ. ئەخلاقسىــز يۈزى بولــسا ئــۇلارنى ســىرتتىكى ئاياللارغــا ئىنتىلدۈرىــدۇ. ئــۇلارنى يولــدىن چىقىــشقا كۈشــكۈرتىدۇ. ئــاقىۋەت ئۇلارنىــڭ كــۆزى تورلىــشىپ، قــۇلىقى ئاڭلىمــاس بولــۇپ، ئەر - خوتۇنلــۇق تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق ۋە قانائەتنى ھېس قىلالمــاس بولــۇپ قالىــدۇ. ئەلــۋەتتە، ئايــاللاردىمۇ ئــائىلە، نىكــاھ تۇرمۇشــىغا نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇســى، ئــۆزىنى چەكلــەپ تۇرىدىغان ئېتىقادنىڭ كــۈچى بولمىغانــدا، تۇرلــۈك ئازدۇرۇشــلار ئالدىدا ئىشاندىن ئادىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۈز بېرىدۇ.

رېئاللىقتا ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئاسرىغۇچى، قانات ئاســتىغا ئـــالغۇچى، مېھىـــر - مـــۇھەببەت ئاتـــا قىلغـــۇچى، ســـۆيگۈ ھېســـسىياتىنى ئاكتىـــپ ئىپـــادىلىگۈچى، ئائىلىـــدىكى روھىـــي

تۇۋرۇك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئەرلەر كۆپ. ئۇلار دەل ئاياللارنى ئاياللىق تەبىئىتىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىسى سەۋەبلىك ئاياللىق خاراكتېرى ئاجىز ئايال بولغان تەقدىردىمۇ، ئەر ئۆزىنىڭ ئەرلىك خاراكتېرى، مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئايالىنى ئاستا - ئاستا ئاياللىق خاراكتېرى كۈچلۈك، مېھرىبان، ھېسسىياتچان ئايالغا ئايلاندۇرالايدۇ.

مەيلى ئەرلەر بولسۇن ياكى ئاياللار بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ خاس خاراكتېرىنى، روھىي ئېھتىياجىنى، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە پەرزەنتلەر ئالدىدىكى رولى، مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇمىغاندا، ھامان زىددىيەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىر مىسالنى قىستۇرۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئىگىلىكى زورايغان بىر باي بولۇپ، پۇللۇق بولغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئايالىنى تاشلاپ ياش ھەم گۈزەل بىر ئايالنى ئەمرىگە ئاپتۇ. ئۇ ئايال ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان «ياخشى ئايال» بولۇپ، ئەرنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرى ۋە ئۆز بالىسىنى تەربىيەلەشكە بەكلا ئەھمىيەت بېرىپتۇ ھەمدە خىزمەت، ئائىلە ۋە يولدىشىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كىشى ئۆز زاۋۇتىدىكى ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن يەنە بىر قىزغا كۆز تاشلاپتۇ ھەمدە ئۇنىمۇ ئەمرىگە ئاپتۇ. بۇ ئىش كىچىك خوتۇنىدىن بالىلىق بولغاندا ئاندىن ئاشكارىلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئەر چوڭ خوتۇنىغا «مەن سىرتتا بۇزۇقچىلىق قىلمىدىم، سەن بۇنى قوبۇل قىل» دەپتۇ. ئۇ ئايال بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىچىك خوتۇن «مەن بالا ئېلىپ كەلمىسەڭ» دەپ بالىنى تاشلاپ كېتىپتۇ.

يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتىكى كۆپلىگەن پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايال بىر ئانىلا ئەمەس، ئەرنىڭ ئاشىقى ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىتىن چىقارماسلىقى، ئەرنىڭ ئاسراش، كۆڭۈل بۆلۈش ئىستىكىنى قوزغاشقا سەل قارىماسلىقى، ئەرمۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ ئەتراپتىكى يېقىن كىشىلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.



نىكاھ تۇرمۇشىدا ئەر - خوتۇنلار چوقۇم ئەر - خوتۇنلۇق (يەنى، ئەر تۆۋەنگە قارىغان، ئايال يۇقىرىغا قارىغان). مۇناسىۋەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، ئەر ئائىلىدە باشلىغۇچى، ئايال «ئەقىللىق» ئەگەشكۈچى ئورۇندا تۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بولۇشىنى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بەلگىلىگەن.

# مۇھەببەتنىڭ تۇنجى قەدىمىدە

قىزلار مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىغا كىرگەندىن باشلاپلا تۆۋەندە دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئادىتىگە ئايلاندۇرالىسا تولىمۇ قالتىس ئىش قىلغان بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققان ئاياللارنىڭ ئەڭ كۆپ دەيدىغان گېپى «يېڭى مۇھەببەتلەشكەن ياكى يېڭى توي قىلغاندىن باشلاپلا بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلغان بولسام، بۇنچە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىمىغان بولاتتىم».

كېيىنكى پۇشايمانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گەپنى يەنىلا يېڭى مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. قىزلار تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا چوقۇم دىققەت قىلىشى كېرەك.

**1. ئالدىراپ ئۆز مايىللىقىنى ئاشكارىلاشتىن ساقلىنىش.**

ئەرلەرنىڭ بويسۇندۇرۇش ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا قىزلار ئۆزىنىڭ رايىنى بەك بۇرۇن ئاشكارىلىغاندا، قارشى تەرەپنىڭ قىزىقىشى سۇسلايدىغان گەپ. مەسىلەن، يىگىتكە «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن گەپنى كۆپ قىلىدىغان قىز ئەكسىچە يىگىتتىن شۇنداق گەپنى ئاز ئاڭلايدۇ. بۇ ئۇنداق سۆزلەرنى دېمەسلىك كېرەك، دېگىنىم ئەمەس. يىگىتلەر قىزلارنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمىگەنسېرى شۇنچە بىلگۈسى كېلىدۇ. قارشى تەرەپكە

شۇنچە ياخشى كۆرۈنگۈسى كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەتتا ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. قىزلار يىگىتلەرنىڭ بۇ خىل ئىپادىسىدىن ئاسانلا تەسىرلىنىپ كەتمەي، يىگىتكە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، شۇ خىل ھالەتتىن ھۇزۇر ئالسا بولىدۇ. ئۆزىنى شۇ قايىنامغا ئېتىپلا قالسا، ئالىدىغان ھۇزۇرى ئەكسىچە ئازلاپ كېتىدۇ. يەنى قىز توختىماي «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەيدىغان، يىگىت بولسا ئاندا ساندا دەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**2. دائىم يىگىتكە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى دەۋېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك.**

قىزلار «بۇنداق گەپلەرنى كۆپرەك دېسەم ياكى ئىش ـ ھەرىكىتىمدە دائىم ئىپادىلەپ تۇرسام، يىگىتىمنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ چىڭ باغلىيالايمەن» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. توغرا، يىگىتلەر بۇنداق قىزلارنى ئاسانلىقچە تاشلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق ئەھۋالدا قىزغا بېرىدىغان مۇھەببىتى ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك كۈچلۈك بولمايدۇ. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، يىگىتلەر بويسۇندۇرغۇچى، ئاكتىپ ھۇجۇم قىلغۇچى، ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە قىز ئاكتىپ ھۇجۇم قىلغۇچىغا، تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ قالسا، ئەكسىچە يىگىتنىڭ ئىستىكى قانائەت تاپمايدۇ ياكى ناھايىتى تېزلا قانائەت تېپىپ قالىدۇ ـ دە، قىزغا بولغان ئىنتىلىشى، قىزىقىشى سۇسلاپ قالىدۇ.

**3. قارشى تەرەپنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا توختىماي تېلېفون ئۇرۇشتىن، ئۇچۇر يوللاشتىن ساقلىنىشى كېرەك.**

چۈنكى، قىز شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى باسقان

بىلەن، قارشى تەرەپنىڭ سىغىنىشىنى قانائەتلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. يەنى قىزنى ئۆتتەك كۆرگۈسى كېلىپ تۇرغاندا، قىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل ئىزھار قىلىشى بىلەن يىگىتنىڭ سىغىنىشى قانائەتلىنىپ، سىغىنىش ھېسسىياتى تەدرىجىي سۇسلايدۇ. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، يىگىت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدىن قىز تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ قالىدۇ - دە، قارشى تەرەپ ئاستا - ئاستا گەپ ئاڭلىمايدىغان «كەپسىز» بالىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

**4. قىزلار يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئارتۇقچە نامايان قىلىپ، ماختىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.**

چۈنكى، يىگىتلەر قىزلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى، كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر يىگىت ئۆيلىنىش مەقسىتىدە قىزلار بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. بىراق، ھېچقايسىسى بىلەن مۇھەببەتلىشەلمەپتۇ. سەۋەبى قىزلار كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غايىسى، ئارزۇسى، ئىنتىلىشلىرى ۋە كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن يىگىت «بۇ قىزلارنىڭ تۇرمۇشلۇق بولۇش ئويى يوق» دەپ ئويلاپ، بۇ قىزلاردىن يىراقلىشىدىكەن.

بەلكىم ئاياللارغا تاكتىكا ئۆگىتىپ ھارمىدىڭىزمۇ؟ قىز - يىگىت مۇھەببىتىگىمۇ بۇنداق كۆپ ئويۇن ئويناش كېتەمدۇ، بىر - بىرىگە تەبىئىي مۇئامىلە قىلسا ئاندىن ھەقىقىي مۇھەببەت ھېسابلانامدۇ؟ دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىم ساختىلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئۈچۈن، نىكاھتىن كېيىنكى

تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئازراق تاكتىكا ئىشلىتىش كېرەك، دېگەنلىك. بۇ ئەرلەر ئۈچۈنمۇ، ئاياللار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. يەنى ئايال مەلىكىلەردەك ئەتىۋارلىنىپ، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. ئەرلەرمۇ سىرتتىن كۆڭۈل خۇشى ئىزدەيمەن، دەپ ئاۋارە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە يەنە داۋاملىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

**5. قىزلار ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئالدىراپ يىگىتكە تۇتقۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك.**

رېئال تۇرمۇشىمىزدا توي قىلىش يېشىغا يەتكەن قىزلارلا ئەمەس، ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان قىزلار ئىچىدىمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئۆزىنى بېغىشلىۋېتىدىغان، مۇھەببەتكە يەكلا چوڭقۇر بېرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. قىزلار ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگە ئاسانلا ئۆزىنى بېغىشلىۋېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. يىگىتلەرنىڭ تەبىئىتىدە بويسۇندۇرۇش ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ. بويسۇندۇرۇش ئىستىكىنى قىزلارنىڭ بېغىشلىشى ئارقىلىق قاندۇرىدۇ. بىراق، يىگىتلەرنىڭ شۇ خىل ئىستىكىنى نىكاھتىن بۇرۇن ناھايىتى تېزلا قاندۇرۇۋەتكەندە، ئاردىكى مۇھەببەتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا تەسىر يېتىدۇ. يىگىت بويسۇندۇرغۇچى، ئۇنىڭغا بىردە يېقىن، بىردە يىراق مۇئامىلە قىلغاندا بويسۇندۇرۇش ئىستىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. يەنى يىگىت قىزلارنى قانداق ۋاقىتتا خاپا، قانداق ۋاقىتتا خۇشال قىلالايدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالغاندا، ئۇلارنىڭ چېچىلىپ كېتىۋاتقان كاللىسىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەيسىز ـ دە، باشقا قىزلارغا ئىگىلەيدىغانغا پۇرسەت قالمايدۇ.

**6. قىزلار يىگىتلەرگە سىلىق ـ سىپايە، رايىش بولۇش بىلەن بىرگە، قانداق ۋاقىتتا كەسكىن بولۇشنىمۇ بىلىشى كېرەك.**

يىگىتلەرگە سىلىق ـ سىپايە، رايىشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ياقتۇرمايدىغان ئىش قىلغاندا ئىچىگە يۇتماستىن، سەل قاتتىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ «ئۇ ماڭا مەڭگۈ مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك» دېگەن ئويىدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇلاردىكى ئايالىنى قەدىرلەش ئېڭىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. بىرقىسىم قىزلار بۇنداق قىلساق يىگىتلەرنى قاچۇرۇپ قويىمامدۇق؟ دېيىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، يىگىتلەرگە پۈتۈنلەي ئەل بولۇشقا قارىغاندا بىردە يېقىندەك، بىردە يىراقتەك تۇيغۇ بېرىشنىڭ ئارىدىكى مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىسى بار. يەنە تەكىتلەيدىغىنىم، ئەقىللىك قىزلار يىگىتلەرگە ئاسانلا ئۆزىنى بېغىشلىۋەتمەيدۇ. كۆپ قىسىم قىزلار «قاتتىقلىق قىلسام مېنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىزلارنى يىگىتلەر بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. بەكرەك قوغلىشىدۇ.

قىزلار شۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەككى، قىزلارنى تېزرەك بويسۇندۇرۇپ ئۆزىنى قانائەت تاپقۇزۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان يىگىتلەر بىلەن مۇھەببەتلەشكەندىن، يىراق تۇرغان ياخشى. چۈنكى، ھەۋەسنى قاندۇرۇشنىلا ئويلايدىغان يىگىتلەر مەسئۇلىيەتسىز، ئىشەنچسىز كېلىدۇ.

**7. قىزلار قوپاللىقتىن، جايىللىق قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى، قىزلاردىكى قوپاللىق تەربىيە كۆرمىگەنلىكنىڭ بەلگىسى.**

سىلىقلىق ئىچىدە قاتتىق بولۇشنى، رايىشلىق ئىچىدە

كەسكىن بولۇشنى بىلىش دېگەنلىك، قىزلار قوپال، جايىل بولسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. قىزلار غۇرۇرى ئازار يېگەندە كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلالايدىغان، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭ ھالەتتە ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بەزىلەر ئايال ئايالدەك، ئەر ئەردەك بولمامدۇ، نەدىمۇ ئەر بىلەن ئايال ئائىلىدە تەڭ بولىدىغان ئىش بار، ئۇنداق بولغاندا ئەرنىڭ ئائىلىدە نوپۇزى بولامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقان تەڭپۇڭلۇقۇم ئەرنىڭ ئائىلىدىكى نوپۇزىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تەڭپۇڭلۇق ئەمەس، ئەكسىچە ئەرنىڭ ئائىلىدىكى نوپۇزىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدىغان تەڭپۇڭلۇق. چۈنكى، ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە بىر تەرەپ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋەرسە، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى بارغانسېرى تۆۋەنلەيدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلىگەن ئىكەن، قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا ئۆز ھېسسىياتىنى ئەركىن ئىپادىلىشى تەسكە توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا ئارىدىكى مۇھەببەتكە تەسىر يېتىدۇ.

**8. قىز - يىگىتلەر كۆرۈشكەندىن، ئارىلاپ كۆرۈشسە، بىر - بىرىگە بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.**

بىر - بىرىگە بوشلۇق بېرىش، يەنى بىر - بىرىنىڭ پۇتكۇل ئىشلىرىنى كونترول قىلمىۋالماي، قارشى تەرەپكە مەلۇم دەرىجىدە پائالىيەت ئەركىنلىكى بەرگەنلىك پايدىسى تېگىدىغان پۇرسەت بەرمىگەندىن ياخشىراق بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، مەيلى ئايالنىڭ بولسۇن ياكى ئەرنىڭ بولسۇن، مۇۋاپىق دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى قوللاش، رىغبەتلەندۈرۈش

ئىنتايىن مۇھىم. ئەكسىچە چەكلىگەندە بولسا، ئاسانلا مەسىلە كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

**9. قىزلار ھېسسىياتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.**

ئاياللارنىڭ كۆپرەك ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بىراق، قىزلار ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە پۈتۈنلەي ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلسا بولمايدۇ. چۈنكى، يىگىتلەر كۆپ ھاللاردا ھېسسىياتقا تايىنىپ قىزلارنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ئۆتىدۇ. پۈتۈنلەي ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلغان قىزلارنىڭ بۇنداق قىلالىشى تەسكە توختايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئازار يەيدىغىنى قىزنىڭ ئۆزى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىزلار باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى ھېسسىياتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، تاكتىكا، ئەقىل ئارقىلىق ئۆزۈن مەزگىللىك مۇھەببەتكە ئېرىشىشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. مەن «ئايالىقتا قايتىش» ناملىق كىتابىمدىمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگەن. يەنى ئاياللار بارلىق خۇشاللىقىنى ئەرلەرگە باغلىۋالماسلىقى، ئەرلەرسىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك.

**10. قىزلارنىڭ يىگىتتىن باشقا كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان، خۇشال قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان باشقا قىزىقىشىمۇ بولۇشى كېرەك.**

قىزلارنىڭ بارلىق خۇشاللىقى يىگىتكە باغلىنىپ قالسا بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال. قىزلارنىڭ ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان، قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرىدىغان، ئۆز

قىممىتىنى تونۇشىغا ياردىمى بولىدىغان باشقا قىزىقىشلىرىمۇ بولۇشى كېرەك. ھېچقانداق قىزىقىشى، ئىنتىلىشى يوق قىز ـ ئاياللىرىمىز بەكلا كۆپ. بۇنداق ئاياللار ئۆزىدىكى زېرىكىشنى ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىش ياكى پۈتۈن دىققىتىنى يولدىشىغا، بالىلىرىغا قارىتىش ئارقىلىق باسىدۇ. بۇ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى ئۈچۈنمۇ پايدىسىز.

بىر ئايال مۇنداق دەيدۇ: يېڭى توي قىلغان چاغلاردا ئۇ مېنى شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلاتتى، ھەتتا ئاپامنىڭ ئۆيىگە دەپ قويماي كەتسەممۇ، خۇددى مەندىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تىت ـ تىت بولاتتى. قاچاندىن باشلاپكىن بىلمىدىم، ئۇنىڭ ماڭغان ـ تۇرغىنىنى سوراشتە قىلىدىغان، تېلېفونىنى ئاختۇرىدىغان، ئىچ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ھازىر «نەگىلا بارسام خۇددى بىر كۆز مېنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ئۇ سېنىڭ كۆزۈڭ» دەيدۇ. بۇ ئايال تۇرمۇشتا يۇقىرىدا دېيىلگەندەك بارلىق دىققەت ـ ئېتىبارىنى دەل يولدىشىغىلا قارىتىپ، تۇرمۇشتا ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان، ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان باشقا ئىشلارنىڭمۇ بارلىقىغا سەل قارىغان.

**11. يىگىتنى باقىدىغان ئەخمەق قىز بولۇپ قالماڭ.**

شۇنىڭغا ئىشىنىڭ، يىگىتلەر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، قەدىرلەيدىغان قىز ئۈچۈن پۇل تېپىشقا تىرىشىدۇ، ھېچ بولمىسا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ پۇلىنى داۋاملىق خەجلەشنى نومۇس بىلىدۇ. ئىمكانىيىتى يار بەرسىلا ياخشى كۆرگەن قىزى ئۈچۈن پۇل خەجلەشنى خالايدۇ. كونىلار «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە بولسا، يەنە بىر ئۇچى يۈرەكتە» دەپ توغرا ئېيتقان. ئادەتتىكى كۆنلەرنى دېمىسەكمۇ، خاتىرە

كۆنلەردىمۇ سىز ئۇچۇن پەقەتلا پۇل خەجلەشنى خالىمايدىغان يىگىت بىلەن يەنە داۋاملىق ئارىلىشىشتىن بۇرۇن ياخشىراق ئويلىنىڭ. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، يىگىتلەر ئادەتتە قىزلارغا پۇل خەجلەشنى بىر تۈرلۈك مەبلەغ سالغانلىق دەپ قارايدۇ. مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىشەنچىسى بولمىسا ياكى خالاپ كەتمىسە ئادەتتە مەبلەغ سالماسلىقى مۇمكىن. ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ.

«بىزنىڭ ئائىلىدە پۇل ھەققىدە ئەزەلدىن تالاش ـ تارتىش بولۇپ باقمىغان. مېنىڭ تاپاۋىتىم ياخشى بولغاچقا ھەممە چىقىمنى ئۆزۈم قىلاتتىم. ھەتتا ئۇنىڭ مېھمانلىرىنىمۇ مەن مېھمان قىلىپ بېرەتتىم. تاپاۋىتىم ئازلىۋىدى، ھەتتا ئۆيىنىڭ چىقىمىنى قىلىشىمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ». ماڭا بۇ گەپلەرنى دەپ بېرىۋاتقان ئايالمۇ بارلىق ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلەپ، ئەرنى شۇنىڭغا كۆندۈرۈپ قويغان. ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغاندا، ئەسلىي ئەر ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشنى خالىماي قالغان.

**12. قىزلار سەگەكلىكىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك.**

قىزلار بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. يىگىتلەر يېڭىلىق تۇيغۇسىغا ئېرىشىشنى خالايدۇ. شۇ خىل پەرق سەۋەبلىك قىزلار سەگەك بولمىسا ئاسانلا قۇربانلىق بېرىدۇ. يەنى قىزلار بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بىراق، قىزلارنىڭ بېغىشلىشى بىلەن يىگىتلەرنىڭ يېڭىلىق تۇيغۇسى كەملەيدۇ. قىزلار ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق مۇناسىۋەتنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇنداق

بىغىشلاش روھى يىگىتلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشقا پايدىسىز. ھېسسىياتنى قەدىرلىمەيدىغان يىگىتلەرگە ئۇچراپ قالغاندا، قىزلار زىيان تارتقۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ بەك مۇھىم.

يېقىندا بىر قىزنىڭ كېپىنى ئاڭلىدىم. ئۇ قىز ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. بۇ قىز شۇنداق كېلىشكەن بولۇپ، قوغلىشىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر يىگىت بۇ قىزنى قوغلىشىپ، تەتىلدە ھەتتا قىزنىڭ يۇرتىغىچە بېرىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپتۇ. تەتىل توشقاندا قىز يىگىتنىڭ تەلىپى بويىچە بىرقانچە كۈن كېچىكىپ مېڭىشقا قوشۇلۇپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ بىرقانچە كۈننى شۇ يىگىت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز تېلېفون ئۇرۇپ يىگىتنى ئىزدەيدىغان، يىگىت بولسا تېلېفوننى ئېتىۋالىدىغان ياكى «كۆرۈشۈشكە قولايسىز» دەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

كېيىنكى پۇشايماننىڭ ياكى ئورۇنسىز كۆڭۈل ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىزلار سەگەك بولمىسا بولمايدۇ. شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، يىگىتلەر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىز ئۈچۈن قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىشنى، پۇرسەت تاپسىلا كۆرۈشۈشنى خالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېسسىياتى قوزغىلىپ، كۆرۈشۈشكە موھتاج بولغاندىلا ئەمەس، كۆرۈشۈشكە ئالدىن كېلىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشىدۇ. بۇ ئۇ يىگىتنىڭ شۇ قىز ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىشنى خالايدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئوپۇل - توپۇل كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، يەنە يوقاپ كېتىدىغان يىگىتلەردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. چۈنكى، ئۇنداق يىگىتلەر سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدۇ. سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىزگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

**13. قىزلاردا رەت قىلالايدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك.**

قىزلار مۇھەببەتنى ئاتا قىلماقچى بولغان يىگىت، مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان ھەم شۇ قىزنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئالدىنقى شەرت بولمىسا، ھەرقانداق تاكتىكا ئىشلەتكەن بىلەنمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى ئۆزىگە قىزىقىشى چوڭقۇر بولمىغان يىگىتكە تاكتىكا قوللىنىش خۇددى مۇھەببەتنى قەدىرلىمەيدىغان كىشىگە مۇھەببەتنى ئاتا قىلغانغا ئوخشاشلا ئەخمەقلىق بولىدۇ.

ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ئازار يەپ يىغلاۋاتقان قىزلارغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ۋاقىتلىرىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «مەن شۇنچە قىلسام ئۇ قىلغاننى بىلمىدى» دەپ ئاغرىنىپ قان - قان يىغلايدۇ. ئايرىلىپ كېتىشكە مەسلىھەت بەرسەم «ئايرىلالمايمەن، ئۇنى سۆيىمەن» دەيدۇ. مەن قىز - ئاياللارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ئۆزىگە ئازار بېرىۋاتقان يىگىت ۋە ئەرلەرنى رەت قىلالماسلىقى دەپ قارايمەن. ئۇلار ئازار يەپ تۇرسىمۇ ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ دەل ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكى.



رېئاللىقتا ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئاسرىغۇچى، قانات ئاستىغا ئالغۇچى، مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغۇچى، سۆيگۈ ھېسسىياتىنى ئاكتىپ ئىپادىلىگۈچى، ئائىلىدىكى روھىي تۈۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئەرلەر كۆپ. ئۇلار دەل ئاياللارنى ئاياللىق تەبىئىتىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرىدۇ.

# نىكاھ چەمبىرىكىدىكى ئايال

مەن ئاياللارنىڭ يۇمشاق بولۇشىنى قايتا - قايتا تەكىتلەيمەن. قوپاللىق ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە يات. ئاياللار قوپال، جاھىل مىجەز - خاراكتېرى بىلەن ھەرگىزمۇ بەختلىك بولالمايدۇ. بىراق، بۇ دېگىنىم ئاياللار ئۆز ھېسسىياتىنى توغرا ئۇسۇلدا ئىپادىلەشنى بىلمەي، ھەممە ئىشقا سۈكۈت قىلىشى كېرەك، دېگىنىم ئەمەس.

بىر ئايال ماڭا مۇنداق دەيدۇ:

— ئاپامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن ياكى سىرتقا چىقىمەن ۋە ياكى دوستلىرىم بىلەن مۇڭدىشىپ كېلىمەن دېسەم خاپا بولىدۇ. شۇڭا سىرتقا چىقمايمەن.

ناۋادا ئايال ئەرنىڭ شۇ خىل مۇئامىلىسىدىن بەخت ھېس قىلسا، بۇ باشقا گەپ. ناۋادا ئازاب ھېس قىلسا، ئۆز ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك. بىر - بىرىگە ھەرىكەت قىلىدىغان، پىكىر قىلىدىغان بوشلۇق بېرىشنى كۆپ قىسىم كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ يولىدىن چىقىشىغا شارائىت ھازىرلىغانلىق، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىشلار ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمايدۇ.

نۇرغۇن مىساللار ئۆزىنى قەدىرلەشنى، ياخشى كۆرۈشنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان ئاياللارنىڭ كۆپ ھاللاردا مۇھەببەتتىن قانداق ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنداق ئاياللاردىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە سەل قارايدۇ ياكى پېتىنالمايدۇ. ھەممە ئىشنى

ئۆز ئالدىغا تارتىپ، ئەرگە ئىغىرچىلىق سالماسلىقنى ئويلايدۇ. ئەرنى مەركەز قىلىپ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارغا سەل قارايدۇ ياكى ئارىدا زىددىيەت پەيدا بولغاندا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپكە ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ ۋە ياكى كۆپ ھاللاردا تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئەرنىڭ ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ. ئەرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئازارلىرىغا دائىم كەڭچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئازابىنى ئەرگە بىلدۈرمەيدۇ.

يەنە بىر مىسال كەلتۈرەي: بىر ئايال يولدىشىنىڭ سىرتتا باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. بۇ گەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەر - ئايال شۇ سەۋەبلىك قاتتىق ئۇرۇشۇپتۇ. ئايال بالىلىرىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپتۇ. ئايال شۇ كەتكەنچە سوكۇت ئىچىدە ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ جەرياندا ئەر بىرقانچە ئايال بىلەن تەڭ ئارىلىشىپ يۈرۈپتۇ. بىراق، يەنىلا ئايالى ۋە بالىلىرىنى سېغىنىپ، ئاخىر ئايالىدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئېلىپ كەتكىلى بېرىپتۇ. بۇ ئايال يولدىشىنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، يولدىشى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئەر يەنە باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ، ئايالىغا زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئايال ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئەرگە كەسكىن بىلدۈرۈپ، ئەرنى سەگىتىش يولىنى تۇتقاندا ياكى ئاخىرقى چەك بەلگىلەپ شۇنداق ئىشلاردىن قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلغاندا ئەھۋال قانداق بولۇشى مۇمكىن؟ بەلكىم، ئەر ھەقىقەتەن نىكاھنى بۇزۇشنى خالىمىسا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ناۋادا قايتىپ كېلىشنى خالىماي يەنە داۋاملىق شۇنداق يولنى تۇتقاندا بولسا، ئايال ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەر بىلەن يەنە داۋاملىق ئۆي تۇتۇش ياكى تۇتماسلىقنى

ئويلىشىپ باقسا بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت پەقەت تولۇقلاش ئىقتىدارىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئەخلاقسىز قىلمىش بولۇپ، ئۇ ھامان نىكاھنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئادەم بۇ خىل ئىشقا يولۇققاندا بەكلا ئازابلانسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ھەقىقەتەن ئايرىلغۇسى بولمىسا قارشى تەرەپكە ئويلىنىش، خاتالىقىنى تونۇش پۇرسىتى ھازىرلاپ بېرىشمۇ بىر خىل ئۇنۇملۇك ئۇسۇل. بىراق، بۇ دېگەنلىك ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئىپادىلىمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس.

مۇھەببەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايدىغان ئەقىللىق ئايال ئەرنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ، بىراق ئۆزىنى پۈتۈنلەي قۇربان قىلىۋەتمەيدۇ، ئەرگە ھەمدەمدە بولىدۇ، بىراق ئەرنىڭ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم مەلۇم مەسئۇلىيەتنى يۈكلەشنى بىلىدۇ، ئەرگە يۆلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ ئېرىمدىن ئايرىلسام قانداقمۇ ياشايمەن؟ دېگەننى ئويلىمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ئاياللار ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئۆزىنى قەدىرلەشنى، ياخشى كۆرۈشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان ئەر ئۇچۇن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندا ئەكسىچە چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئايال بىلەن ئەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئەرنىڭ ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى بۇزۇپ قويماسلىق، شۇنداقلا ئەرلەرگىمۇ بۇ قانۇنىيەتنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.

ئاياللار ئارىدىكى مۇھەببەتنى ساقلاش ئۇچۇن چوقۇم دىققەت قىلىشى زۆرۈر بولغان يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ ئەرنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەسلىك كېرەك. ئەرنى ئاغرىغا كەلگەن گەپلەر بىلەن تىللاش، ۋارقىراش، سىلكىش ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. مەيلى قانچىلىك ياخشى كۆرسۇن، ئەرلەر

غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئايالدىن قاچىدۇ. چۈنكى، ئەر ئايالنىڭ ئۆزىنى چوڭ كۆرۈشى، ھۆرمەت قىلىشىدىن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، رولىنى تېخىمۇ كونكرېت ھېس قىلالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بولسا، مەيلى قانچىلىك دەرىجىدىكى ئىناۋەتلىك، ئابرۇيلۇق كىشى بولسۇن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. ئەرلەر ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقاندا، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايالغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقىمۇ پېتىنالماي قالىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. قىز دوستى ياكى ئايالى ئادەم بار - يوق دېمەي ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان، سىلكىيدىغان ئەرنىڭ كەيپىياتى قانداق بولىدۇ؟ ئەرلەرنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىشنى بىلىش، بولۇپمۇ قانداق ۋاقىتتا ماختاشنى بىلىشمۇ ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشتىكى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى.

نىكاھ تۇرمۇشىدا مەسىلە كۆرۈلگەن ئاياللارلا ئەمەس، مۇقىم نىكاھ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاياللارمۇ يولدىشىنىڭ تويدىن بۇرۇنقى ۋە تويدىن كېيىنكى مۇئامىلىسىدە پەرق بارلىقىنى، ھازىر ئۆزلىرىگە ئانچە كۆيۈنمەيدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئاغرىنىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىشلار ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن. ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ پىكىر قىلىش جەھەتتىكى ئادىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىق ۋە ئاغرىنىشلارغا سەۋەب بولۇپ قېلىشۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەرلەر تىرىشىپ ئىشلەپ پۇل تاپسام ئائىلەم ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ قارايدۇ. ئاياللار بولسا ئۇششاق ھالقىلارغا ئېسىلىۋالىدۇ، دىققەت نەزىرىنى يولدىشىغا ھەددىدىن زىيادە قارىتىپ، ئىشلار بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتنى قىرقىيدىغان گەپ - سۆز، ئىش -

ھەرىكەتلىرىدە بولىدۇ. ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئەرلەر ئاياللارنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەزىرىنى باشقا ئىشلارغا يۆتكەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ سەۋەبلىك قارشى تەرەپكە سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا ئاياللار ئەقىللىك بولمىسا بولمايدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئەرلەر بار، ئۇلار تۇرمۇشتا ئۆزىنى مەركەز قىلىپ، ئاياللىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن قەستەن كارى بولمايدۇ. ئاياللار بۇنداق ئەرلەرگە مۇئامىلە قىلغاندىمۇ ئەلۋەتتە كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى، ئارزۇسىنى توغرا ئۇسۇلدا بىلدۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپكە توغرا ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئارىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ساقلاشقا پايدىلىق. قانداق ئويلاپ قالار، خاتا چۈشىنىپ قالارمۇ؟...
دېگەندەك ئەندىشىدە بولۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. بىراق، بۇنىڭدا چوقۇم ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك.



مەن ئاياللارنىڭ سىپايە بولۇشىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيمەن. قوپاللىق ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە يات. ئاياللار قوپال، جاھىل مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن ھەرگىزمۇ بەختلىك بولالمايدۇ. بىراق، بۇ ھەرگىزمۇ ئاياللار ئۆز ھېسسىياتىنى توغرا ئۇسۇلدا ئىپادىلەشنى بىلمەي، ھەممە ئىشقا سۈكۈت قىلىشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس.

# ئايالنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ

ئايالىلىق خاراكتېرى كۈچلۈك ئايالالاردىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلار ئادەمگە سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ.

بۇ يەردە بىر ئىش ئەرلەرگە ئايدىڭ بولمىسا بولمايدۇ، ئايالالارنىڭ ئايالىلىق خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىدا بىرگە ئۆتۈۋاتقان ئەرنىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن، يولدىشىدىن مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلايدىغان ئايال بىلەن، ئۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمايدىغان ئايالنىڭ 5 ~ 10 يىلدىن كېيىنكى روھىي ھالىتىنى، تەق - تۇرقىنى، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. پەرق مانا مەن دەپلا ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى يولدىشىدىن «چىرايلىق خوتۇنۇم»، «پەرىشتەم» دېگەن سۆزنى ئاڭلايدىغان ئايال بىلەن قوپال سۆزلەرنى ئاڭلايدىغان ئايالالارنىڭ تەق - تۇرقىلا ئەمەس، روھىي ھالىتىدىمۇ پەرق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئايالالارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئەرلەر مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ سىناپ باقسا بولىدۇ.

– يېڭى توي قىلغان ۋاقىتتىكىدىن بەك كۆپ ئۆزگىرىپ كەتمىدىڭىز، يەنىلا شۇنداق گۈزەل كۆرۈنىسىز!

ئەمەلىيەتتە، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايال ئەرنىڭ كۆزىگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەر بولغۇچى بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىشنى بىلىشى كېرەك.

— بۇگۈن كىيگەن كىيىمىڭىز بەكلا يارىشىپتۇ!

كۆپ ھاللاردا ئەرلەر ئاياللارنىڭ قانداق كىيىم كىيىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، يارىشىملىق كىيىم كىيگەندە:

— بەك يارىشىپتۇ، دېيىشنى بىلىشى، ئانچە ياراشمىغان كىيىمنى كىيىۋالغاندا بولسا:

— سىز شۇنداق چىرايلىق تۇرسىڭىز، بۇ كىيىم سىزگە ماسلاشماي قاپتۇمۇ ـ قانداق؟ دېيىشنى بىلىشى كېرەك.

— سىز كۆزۈمگە بارغانسېرى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسىز!

بۇنداق گەپنى ئاڭلىغاندا ئاياللارنىڭ قان ئايلىنىشى تېزلىشىپ، تېرىسىگە قان يۈگۈرۈپ، راستتىنلا چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

— تامىقىڭىز بەك ئوخشاپتۇ، دېيىش ئارقىلىق ئايالىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندە ئايالنى تاماق ئېتىشتىن مەڭگۈ ئېرىنمەيدىغان قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

— بۇ ئۆيي ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلىۋاتىسىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئايالنىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئايال «قىلغانلىرىم ھەرۋاقىت يولدىشىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. شۇنداق گەپلەر كۆپ بولۇندىغان ئائىلىدە بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببەت سۇسلىشامۇ؟

يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا ئەر ـ ئاياللىق مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەسىر يېتىدۇ.

— نېمانچە سەمرىپ كېتىسىز...

— ئۆينى رەتلىكرەك تۇتسىڭىز، كىيىملىرىمنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇيۇپ دەزمال سىلىپ بەرسىڭىز بولمامدۇ...

— نېمىشقا ئاپام ـ دادام لار بىلەن دائىملا قىزىرىشىپ

قالىسىز؟ بەكلا زېرىكتىم...

ئۆيگە كىرىپلا تېلېۋىزورغا قاراش ياكى گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇۋېلىش، كۆپ گەپ قىلماسلىق، ئەزەلدىن سوۋغات بەرمەسلىك، سوۋغات بېرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماسلىق، مىننەتدارلىقنى ئىپادىلىمەسلىك.

ئايالالار نىكاھ تۇرمۇشىدا: سىزگە تەگكىنىم ئەڭ چوڭ بەختىم، سىزدىن پەخىرلىنىمەن، سىزنى سۆيىمەن، سىز راستتىنلا بەك قالتىس... دېگەندەك گەپلەرنى كۆپرەك قىلىشى؛ سىزدىن بىزار بولدۇم، سىزگە تەگمىسەم بوپتىكەن، ئالدامچى، ساختىپەز، يارامسىز... دېگەندەك سۆزلەرنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. بۇنداق سۆزلەر مۇھەببەتنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، كۆڭۈللۈك، بەختلىك نىكاھقا ئەجىر قىلىپ ئېرىشكىلى ھەم ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، بىر ـ بىرى ئۈچۈن ئەجىر قىلىشنى خالاش ياكى خالىماسلىق، مۇھەببەتلىك نىكاھ تۇرمۇشىغا ئىنتىلىش ياكى ئىنتىلمەسلىك، نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك تالاش ـ تارتىشلاردىن خالىي ئەمەسلىكىنى چۈشىنىش ياكى چۈشەنمەسلىك ھەم ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ياكى قىلالماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.



يولدىشىدىن مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلايدىغان ئايال بىلەن، ئۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمايدىغان ئايالنىڭ 5 ~ 10 يىلدىن كېيىنكى روھىي ھالىتىنى، تەق ـ تۇرقىنى، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. پەرق «مانا مەن» دەپلا ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ.

# ئاتا قىلغانغا يارىشا ئىرىشىش ئېھتىياجى

بىر قىسىم ئايالىلار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەر ئۇچۇن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى دوغا تىكىدۇ. ناۋادا ئەرمۇ ئايالنى شۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرسە، شۇنداقلا ئايالنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھەببەت بىلەن ئىنكاس قايتۇرالايدىغان بولسا بۇنىڭدا مەيلى. بىراق، بۇنداق ئەھۋالدا بىر قىسىم ئايالىلار ئاسانلا ئازار يەپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى بېغىشلىغانىكەن، قارشى تەرەپتىن ماس ھالدىكى ئىنكاسقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. بۇ ئېھتىياجى قانائەت تاپسا مەسىلە چىقمايدۇ. قانائەت تاپمىسا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. نارازىلىق ئازابقا سەۋەب بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۆزىنى بېغىشلاشتىن بۇرۇن ئۆزىنى بېغىشلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ياخشى تونۇۋېلىش كېرەك. بۇنداق قىلىش بىر ھېسابتا ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىك بولۇپ، ئۆزىنى قەدىرلىگەندىلا، باشقىلار قەدرىنى بىلىدۇ. قەدرىنى قىلىدۇ.

پسىخولوگىيەدە، ئادەتتە يۇقىرىقىدەك ئۆزىنى ئاسانلا پۈتۈنلەي بېغىشلاش، قۇربان قىلىش بەدىلىگە قارشى تەرەپنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغان ئاياللارنى تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىچىكىدىن تارتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە تولۇق قانمىغان، قەلبىدە يالغۇزلۇق تەسىراتى كۈچلۈك ئاياللار، ئۇلار مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا تەشەببۇسكار بولىدۇ، شۇنداقلا بارلىقىنى قۇربان

قىلىۋېتىدۇ، ئۇلار كۆرۈنۈشتە قارشى تەرەپنى شەرتسىز سۆيۈۋاتقاندەك قىلىدۇ، بىراق يوشۇرۇن ئېڭىدا قارشى تەرەپنىڭمۇ ئۆزىنى شۇنداق كۈچلۈك سۆيۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەھۋال ئۈمىلىدىكىدەك بولمايلا قالسا، قەلبى ئۈستى - ئۈستىلەپ ئازار يەيدۇ، دەپ تەھلىل قىلىدۇ.

ئۆزىنىڭدىن باشقا، رومانتىك ئاياللارنىمۇ ئۆزىنى ئاسانلا بېغىشلىۋېتىشتىن ساقلىنالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق ئاياللار قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى خۇددى كىنو، ھېكايىلەردىكىدەك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە شۇلارنى دوراپ مۇھەببەتلىشىدۇ. بىراق رېئاللىق كۆپ ھاللاردا ئۇنداق بولماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىدۇ، دىلى ئازار يەيدۇ.

پۈتكۈل ھاياتىمىز يېڭى مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتلاردىكىدەك قىزغىن مۇھەببەتلىك ئۆتۈشى كېرەك، دەپ ئويلىۋالساق ھەمدە قارشى تەرەپتىن شۇنى تەلەپ قىلساق ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمايدۇ. بىز پەقەت ئاردىكى مۇھەببەتنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشساقلا بولىدۇ. بىزنىڭ نىشانىمىز 40 ياشقا، 50 ياشقا ياكى 60 ياشقا كىرگەندىمۇ بىر - بىرىگە قاراپ «سەن بىلەن بىللە ياشىغىنىم مېنىڭ بەختىم» دېگۈسى كېلىدىغان، بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان، دەردىگە، ھالىغا يېتىدىغان، مۇڭىغا قۇلاق سالىدىغان، كۆڭلىنى ئاياپدىغان ھالەتنى يوقىتىپ قويماسلىق. بولسا شۇ خىل ھالەتنى ساقلاش. شۇنداق ياشاشقا ئادەتلىنىش.

گېپىمىزگە كەلسەك، ئەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان ئەقىللىك ئاياللار ئەرلەرنى بالىسىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ كەتمەيدۇ. ئەرلەرگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى مەڭگۈ ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلىۋاتقان مۇھەببىتىنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. ئۇلار ئەرلەرنى ماختاشنى بىلىدۇ، چۈنكى بۇ بەك

مۇھىم. ئەرلەر ئاسرىغاندىن، ماختىغاننى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ تۇرىدىغان ئايالالارنى مەڭگۇ سۆيىدۇ، قەدىرلەيدۇ.

«ئايالىقىقا قايتىش» ناملىق كىتابىمدا ئايالالارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگىنى، ئۆزىنى ياخشى كۆرگىنى، ئۆزىنى خۇشال قىلغىنى ئەمەلىيەتتە ئەتراپتىكىلەرنى خۇشال قىلغىنى. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنى خۇشال قىلغاندا، باشقىلارنىڭ بۇنىڭدىن ھەقىقىي خۇشال بولۇشى ناتايىن، دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ھەقىقەتەن شۇنداق. مەيلى ئائىلە ئايالى بولسۇن ياكى خىزمەتتىكى ئايال بولسۇن، ئۆز قىزىقىشى بولغان، قىلىۋاتقان ئىشىدىن بېسىم ھېس قىلماي، ئەكسىچە نېمىلا ئىش قىلسا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قىلالايدىغان ئايال كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە خۇشال ياشىيالايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە بېقىندى بولۇپ قالمىسا تېخىمۇ ياخشى. بۇ دېگىنىم، «ئايال ئۆزىنىڭ چىقىمىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك» دېگىنىم ئەمەس. ئەكسىچە، مەن بۇنداق قاراشقا قارشى تۇرىمەن. چۈنكى، «ئېرىمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاجىتىمدىن چىقىشى نورمال ئىش» دەپ قارايدىغان ئايال بىلەن، ئېرىگە ئىقتىسادىي جەھەتتە «بېسىم» بولۇشنى «نومۇس» دەپ قارايدىغان ئايالنىڭ ئېرىشىدىغان بەخت تۇيغۇسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بولىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەپ قويىدىغان نەرسە شۇكى، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد بەك ئېنىق ئايرىلىپ، بىر - بىرىگە قانچىلىك ئىقتىساد سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېسابلاش ئەر - خوتۇنلارنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاجىزلىتىدىغان مۇھىم ئامىل. بولۇپمۇ ئايالالارنىڭ پۈتۈن ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىشى ئەرنى ئايالىغا كۆيۈنمەيدىغان، ئائىلىسى ئۈچۈن باش قاتۇرمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئەرنى

ئۆزى ئۇچۇن پۇل خەجلىتەلەيدىغان ھەمدە «تەبىئىي شۇنداق قىلىشىم كېرەك» دەپ قارايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە ئائىلىنىڭ ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بىر تۇرلۇك رىئال ئىپادىسى. چۈنكى، ئەرلەر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، سۆيىدىغان ئايالغا پۇل خەجلىسە قورسىقى ئاغرىمايدۇ. ئارىدىكى مۇھەببەتنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەرنى نىكاھلانغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا شۇنىڭغا تەبىئىي ئادەتلەندۇرۇش كېرەك. بۇ ھەم ئەرنىڭ، ھەم ئايالنىڭ يوشۇرۇن پسىخىكىلىق ئېھتىياجىنىڭ قېنىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. يەنى ئايالنى قانات ئاستىغا ئالغۇچى، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىققۇچى بولۇش سۆيىتى بىلەن ئەرنىڭ «ئاتا قىلىش» ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ. ئايال قانات ئاستىغا ئېلىنغۇچى، ئاسرالغۇچى بولۇش سۆيىتى بىلەن ئېرىشىش ئېھتىياجى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش تۇتىدۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ ئىقتىسادى يوق ياكى ئايالىنىڭكىدىن ئاز بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئايال يەنىلا ئانچە ـ مۇنچە تاكتىكا قوللىنىپ ئۆزىنىڭ ۋە قارشى تەرەپنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرسا بولىدۇ. مەسىلەن، خاتىرە كۈنلەردە ئەردىن سوۋغات تەلەپ قىلىش، گەرچە ئۇ قىممەت پۇللۇق سوۋغات بولمىسىمۇ، ئەڭ ئاددىي سوۋغات ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى بولسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئايال ئوخشاشلا ئەڭ ياخشى سوۋغاتقا ئېرىشىپ قانائەت تاپىدۇ. ئەرمۇ ئايالغا ئەڭ ئېسىل سوۋغات بەرگەندەك خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ.

ئانىنىڭلا ئەمەس، ئاشىقنىڭ رولىنىمۇ ئالالايدىغان ئايالنى ئەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سۆيىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇسى كېلىدۇ. ئەكسىچە بولسا، بۇنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئاياللار ئەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلسە،

سىلىق ـ سىپايە، كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا، مۇۋاپىق ۋاقىتتىنى تاللاپ بىلدۈرەلەيدىغان ئەقىلگە ئىگە بولسا، ھاياتىنى مۇھەببەتلىك، بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتكۈزەلەيدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىر قىسىم ئاياللار بىزغۇ شۇنداق قىلارمىز، بىراق ئەر بىزنىڭ قىلغىنىمىزغا يارىشا مۇئامىلە قىلمىسا قانداق قىلىمىز، بىزلا تىرىشچانلىق كۆرسىتەمدۇق؟ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بەزى ئەرلەر ئىللىق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىكەن، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك گەپلەرنى تېخىمۇ قىلمايدىكەن، ئاياللىنىڭ شۇنداق گەپلىرىگىمۇ سوغۇقلا مۇئامىلە قىلىدىكەن، يەنە بەزىلەر بولسا ئاپىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىكەن ياكى بولمىسا ئاپىسىغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلەپ ھەممە يۈكنى ئارتىدىكەن، ئايال كىشىدەك باتناپ، خۇيلىنىدىكەن، ھەتتا ھە دېسە بەستلىشىدىكەن، ئۇرۇشۇپ قالسا بىرقانچە كۈنگىچە گەپ قىلماي تۇرۇۋالىدىكەن......

ھەقىقەتەن رېئاللىقتا بۇنداق ئەرلەر يوق ئەمەس. ئۇنداق ئەرلەرگە يولۇقۇپ قالغان ئاياللار بىر بولسا ناھايىتى تېزلا ئانىنىڭ رولىغا چىقىپ، كەپسىز بالىسىنىڭ كۆزىگە قارىغاندەك يولدىشىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئەرگە «يېلىنىپ» ياشايدۇ، بىر بولسا ئايرىلىپ كېتىدۇ. دېمەك بۇنداق نىكاھتا بەخت تۇيغۇسى كەمچىل بولىدۇ. مەن بۇنداق تۇرمۇشنىڭ تەسىرى ھەققىدە تۆۋەندە تەپسىلىي توختىلىمەن.



ئۆزىنى بېغىشلىغانىكەن، قارشى تەرەپتىن ماس ھالدىكى ئىنكاسقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. بۇ ئېھتىياجى قانائەت تاپسا مەسىلە چىقمايدۇ. قانائەت تاپمىسا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. نارازىلىق ئازابقا سەۋەب بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۆزىنى بېغىشلاشتىن بۇرۇن ئۆزىنى بېغىشلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ياخشى تونۇۋېلىش كېرەك.

# سوغۇق ئەرلەر

سوغۇق ئەرلەر ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن سوغۇق مۇناسىۋەت ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋالايلى:

سوغۇق مۇناسىۋەت «ئائىلە زوراۋانلىقى» نىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ ھەم «ئائىلە زوراۋانلىقى» ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر زوراۋانلىق شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى باشقا ھەرقانداق زوراۋانلىقتىن ئېغىر بولىدۇ. «ئائىلە زوراۋانلىقى» دېگەندە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر تەرەپنىڭ قارشى تەرەپكە قارىتا ئېلىپ بارغان ئوخشاشمىغان شەكىلدىكى زورلۇق ئىشلىتىش، بوزەك قىلىش، كۆزگە ئىلماسلىق، خورلاش، كارى بولماسلىق قاتارلىق قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ئائىلە زوراۋانلىقى» ئادەتتە تىل زوراۋانلىقى، جىسمانىي زوراۋانلىق، سوغۇق مۇئامىلە زوراۋانلىقى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سوغۇق مۇئامىلە زوراۋانلىقىنىڭ ئائىلە نىكاھ مۇناسىۋىتى، پەرزەنت تەربىيەسىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ھەممىدىن ئېغىر. بۇ خىل زوراۋانلىقتا ئاساسلىقى بىر - بىرى بىلەن كارى بولماسلىق، مۇڭداشماسلىق، ھەمكارلاشماسلىق، كۆزگە ئىلماسلىق، كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئىززەت غۇرۇرغا تېگىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق قارشى تەرەپكە روھىي جەھەتتە زەربە بېرىدۇ. كۆپ ھاللاردا سوغۇق مۇئامىلە زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغۇچى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئۇنداقتا، سوغۇق نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن قۇتۇلغىلى

بولمامدۇ؟ بۇ خىل نىكاھتىكى ئەر ـ خوتۇنلار بىر بولسا مۇھەببەتسىز تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە ئادەتلىنىشى ياكى بولمىسا ئايرىلىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن نىكاھ تۇرمۇشىنى سوغۇق مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان سوغۇق ئەرلەرنى چۈشىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قول، ئائىلىگە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بەرمەيدىغان ئەرلەر**

سوغۇق ئەرلەر كۆرۈنۈشتە رەھىمسىز، قاتتىق قول بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەڭ بىچارە ئەرلەر. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنى قانداق سۆيۈشنى، شۇنداقلا قانداق سۆيۈلۈشنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرىدىن ئىللىق مېھىر ـ مۇھەببەت ھېس قىلمىغان، بالىلىقى چەتكە قېقىلىش، ئارزۇسى ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىغا تەشنا بولغاندا تىل ـ دەشنام، تاياق ـ توقماق بىلەن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار شۇ خىل سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭسىز ھالدا ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئائىلىسىدە تەكرارلايدۇ. ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆز تەسىراتى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. پەرق شۇ بولىدۇكى، كىچىك ۋاقتىدا ئازار يېگەن بالا چوڭ بولغاندا باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان كىشىگە ئۆزگىرىدۇ. يەنى، ئەتراپىدىكى ئاجىزلارنى ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاجىز ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆزى كىچىك ۋاقتىدىكى ئازار بەرگۈچىنىڭ ئورنىغا چىقىدۇ. ئۇلار شۇ ئارقىلىق كىچىك ۋاقتىدا بېسىلىپ قالغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر خىل ئەھۋالمۇ بولىدۇ، ناۋادا قارشى تەرەپ ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغاندا، يەنە داۋاملىق ئازار يېگەن بالىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. بىراق، بۇنداق

كىشىلەرنىڭ باشقىلار ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. چۈنكى، ئازار يېگەن «كىچىك بالا»نىڭ قانداق ۋاقىتتا «غەليان» كۆتۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

**2. جىسمانىي جەھەتتە چوڭ بولغان بولسىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتە چوڭ بولمىغان ئەرلەر**

بىر قىسىم ئەرلەر رېئال تۇرمۇشتا ئەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ، زىددىيەت كۆرۈلگەندە يۈزلەنمەيدۇ، كىچىك بالىدەك خۇيلىنىدۇ. بۇنداق ئەرلەر كۆپ ھاللاردا جىسمانىي جەھەتتە چوڭ بولغان بىلەن، پىسخىكا جەھەتتە بالىلىقتا توختاپ قالغان بولىدۇ، ئۇلار كىچىكىدىن ئاتا – ئانىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە باشقۇرۇشى ۋە ياكى رايىغا بېقىشى، ھەممە ئىشنى قىلىپ بېرىشى بىلەن مۇستەقىللىقى نورمال تەرەققىي قىلالمىغان، جىسمانىي جەھەتتە قۇرامىغا يەتكەن بولسىمۇ ھېسسىيات جەھەتتە يېخى ئاتا – ئانىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىنى ئىللىق مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ.

**3. ئۆزىنى مەلۇم بىر ئىشقا ئاتاپ، ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلار**

ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئىللىق ئائىلە مۇھىتى يارىتالمايدۇ. ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە قىلىۋاتقان ئىشىنى ئائىلە ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھەببەتكە تەشنا كىشىلەر «بىزگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ تىنىم تاپماسلىقىدىكى سەۋەب، بەلكىم ئالدىنقى ئىككى خىل ئەھۋالغا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن.

نىكاھ تۇرمۇشىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە مەسىلىنى بالىلىق تەسىراتلىرىغا دۆڭگەش كېرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە ھەرقانداق ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى داۋامىدىكى ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ھەممىسىنىمۇ پايدىسىز دېگىلى بولمايدۇ. بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار بىر قىسىم كىشىلەرنى تېخىمۇ ئىرادىلىك، چىدامچان، بەختىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان ھەمدە بەختكە تېخىمۇ كۈچلۈك تەلپۈنىدىغان قىلىۋېتىدۇ.

سوغۇق ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ئىللىق ئائىلە مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىكنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەككى، پەقەت ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئېنىق تونۇغاندا ھەمدە ئۆز رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەلگەندە ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەر - خوتۇن ئىككىلا تەرەپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، بىر - بىرىگە ياردەم بەرمىسە بولمايدۇ.



سوغۇق ئەرلەر كۆرۈنۈشتە رەھىمسىز، قاتتىق قول بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەڭ بىچارە ئەرلەر. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنى قانداق سۆيۈشنى، شۇنداقلا قانداق سۆيۈلۈشنى بىلمەيدۇ.

# ئائىلىدىكى بېشارەت

نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ساغلام بولمىغان مۇناسىۋەت قېلىپىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ساغلام ئائىلە ۋە ساغلام بولمىغان ئائىلە ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداقتا، ساغلام ئائىلە بىلەن مەسىلە بار ئائىلىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟

**ساغلام ئائىلە:**

ئەر - خوتۇن ئىناق، نىكاھ مۇناسىۋىتى مۇقىم بولىدۇ. بىر - بىرىگە ئازار بېرىدىغان، مۇناسىۋەتكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتە بولمايدۇ، بىر - بىرىگە ئىشىنىدۇ.

ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش بولۇپ تۇرىدۇ، بىراق تالاش - تارتىش ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. بىر تەرەپ ئاچچىقىنى چىقىرىپ، يەنە بىر تەرەپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئىككىلا تەرەپ ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. تالاش - تارتىشتىن كېيىن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ.

ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باراۋەر مۇناسىۋەت بولۇپ، بالا ئاتا - ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىشقا ئامراق كېلىدۇ. ئاتا - ئانىمۇ بالىغا ۋاقىت چىقىرىدۇ.

ئاتا - ئانا بالىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى بولالايدۇ. ئۆز تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى، مەسىلىلەر ھەققىدىكى بىلىشلىرىنى بالىغا مۇۋاپىق ئۇسۇلدا يەتكۈزىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ

ئەقلىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بالا ئاتا ـ ئانا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپلا قالماي، مۇستەقىللىقىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ھەممە ئىشتا ئاتا ـ ئانىغا يۆلىنىۋالمايدۇ. ئۆز دائىرىسىدىكى ئىشلارنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

بالا ئائىلىدە ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇيدۇ. ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ.

ئائىلە بالىلار ئۈچۈن جىسمانىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تۇپراق بولۇپلا قالماستىن، ھېسسىيات جەھەتتىمۇ قۇرامىغا يېتىشنى تاماملىيالايدىغان تۇپراق بولۇپ، بالا «ئۆزى چوڭ بولسىمۇ قىلىقى چوڭ بولمىغان» بالىلاردىن بولۇپ قالمايدۇ.

ئائىلە بالا ئۈچۈن قېچىپ كېتىشنى ئويلايدىغان تۈرمە ئەمەس، بەلكى ئىللىق ماكان بولالايدۇ.

بالا ئائىلىدىن مۇھەببەتنى، ئىللىقلىقنى ھېس قىلىدىغان بولغاچقا، كەلگۈسىدىكى ھەمراھىغا، نىكاھ تۇرمۇشىغا نىسبەتەن گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى قىلالايدۇ، ئەكسىچە قورقمايدۇ.

ئەر ـ خوتۇن ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بالىغا ئۈلگە بولۇپ، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىدىن كەلگۈسىدە قانداق ئاتا ـ ئانا بولۇشنى، قانداق ئەر ـ خوتۇن بولۇشنى، ئەر ۋە ئايالنىڭ رولىنى قانداق ئېلىشنى، نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببەتنى قانداق ئىپادىلەش ۋە باشقىلار بىلەن قانداق قىلىپ نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ئۆگىنىدۇ.

**بىنورمال ئائىلىلەرنىڭ بەلگىسى:**

1. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى جىددىي، بىر بولسا

سوغۇق مۇناسىۋەت ھۆكۈم سۈرىدىغان، يەنە بىر بولسا دە ـ تالاش قوزغىمايدىغان ئائىلىلەر.

2. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە مەركەزگە ئايلىنىپ قالغان ئائىلىلەر.

3. ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپى مۇتلەق توغرا، بالىنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى يوق ياكى ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان ئائىلىلەر.

4. ئائىلىدە باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدىغان مەخپىيەتلىك بولغان ئائىلىلەر.

5. ئائىلىدە بىر تەرەپ خاتا قىلىپ قويسا يۈز خاتىرە قىلماي جازالايدىغان ئائىلىلەر.

6. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش يېتەرلىك بولمىغان، بىر ـ بىرىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان ئائىلىلەر.

7. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىي بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇرۇش پارتلاش خەۋپى بولغان ئائىلىلەر.

8. ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، ساختا نىقاب بىلەن ياشايدىغان ئائىلىلەر.

9. ئۇرۇش ـ تالاش قوزغىمايدىغان ئائىلىلەر.

10. كۆپ قىسىم ئائىلە ئەزالىرى ئۆيدىن قېچىپ چىقىشنى خالايدىغان ئائىلىلەر.

يۇقىرىقىلار ئىچىدىن بەشتىن ئارتۇق تۈرگە ماس كەلگەنلەر، مەسىلە بار ئائىلىلەر، سەككىزدىن ئارتۇق تۈرگە ماس كەلگەنلەر ئېغىر دەرىجىدە مەسىلە بار ئائىلىلەر ھېسابلىنىدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بىر قىسىم كىشىلەر «مەن مەسىلە بار ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بوپتىمەن. ئەمدى مەن

تۇگۇشۇپتىمەن» دەپ ئويلاپ قېلىشاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ. پەقەت ئائىلىدىكى تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئازراقلا ئۆزگەرتسىڭىز، كونا قېلىپنى بۇزۇپ تاشلىيالايسىز.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ. ئائىلىڭىزنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان تۇرمۇش ئادىتىڭىزنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭ.

ئائىلىدىكى گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتىڭىز، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىڭىز سىزگە تونۇشمۇ قانداق، ئەتراپىڭىزدىكى كىملەرنىڭ ئادىتى بىلەن ئوخشىشىدۇ، سىز ئىلگىرى شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچراپ باققانمۇ، سىز ئۇنىڭدىن بىزار بولغانمۇ ياكى ياقتۇرغانمۇ، ھازىر ئەتراپىڭىزدىكى كىملەر شۇ خىل قېلىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ؟ دېگەنلەرنى ياخشى ئويلاپ، يېقىنلىرىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىڭ. بۇ باسقۇچقا كېلەلىسىڭىز، سىزنىڭ سوغۇق ئائىلە مۇناسىۋىتىڭىزنى ئوڭشىشىڭىز تەسكە توختىمايدۇ.

بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولاي دېسىڭىز، داۋاملىق تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا دىققەت قىلىڭ:



بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ. ئائىلىڭىزنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان تۇرمۇش ئادىتىڭىزنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭ.

## ئىككىنچى بۆلۈم

# داۋاملىشىۋاتقان تۇرمۇش ئادىتى

ئىتىراپ قىلىڭ ياكى قىلماڭ، سىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىڭىز پەقەت سىزگىلا تەۋە ئەمەس، ئۇ بىلىندۇرمەستىن ئەتراپىڭىزدىكى سىزنى سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.



# ئۆچۈرنىڭ كەينىدىكى سىر

«يازمىلىرىڭىزنى كۆپ ئوقۇيمەن. كىتابلىرىڭىزنىمۇ ئوقۇدۇم. ئۆزۈمنىڭ نېمىنى خاتا قىلغانلىقىمنى بىلىۋېلىش ۋە قانداق قىلىش ھەققىدە كۆپ نەپكە ئېرىشتىم. بىراق، ئائىلە ئىناقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلار ئوقۇپ، شۇلار پايدىلانسا بولاتتى. لېكىن، ئۇلارغا ئۇنداق يازمىلارنىڭ تەسىرى بولمايدىكەن، ھەتتا ئۇلار ئۇنداق يازمىلارنى ئوقۇمايدىكەن». بۇ سۆھبەت ئارىلىقىدا بىر ئايالنىڭ ماڭا ھەسرەت بىلەن ئېيتقانلىرى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، تورمۇشتا خاتا قىلىپ قالغانلار ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىدىكى مەسىلە ھەققىدە ئويلانمىسا، پەقەت بىر تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەھۋالنى ياخشىلاش تەسكە توختايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلاندىم. ئىلگىرى سۆھبەتلەشكەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىنى ئاختۇردۇم.

...

– مەن ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىغا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق. دېمەكچى، ئادەم، بولۇپمۇ ئەرلەر ھېسسىيات جەھەتتە قانائەتسىز كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق مەسىلە، ۋاقىت ئادەمنى قېرىتىدۇ. شۇڭا، سىزنىڭمۇ كەڭ قورساق بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ ئائىلەمنى ساقلاپ قالغۇم بار. لېكىن، سىزمۇ ھەر ھالدا مېنىڭمۇ ھېسسىياتىمنى ئويلاپ قويۇڭ. . .

مەن سىزگە ئىشىنىمەن (بىر ئەرنىڭ ئايالىغا يازغان ئۆچۈرى).

(بۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرىلەر بەك كۆپ. ئۇلار زىددىيەتلىك ئوي - خىيال، ئامالسىزلىق، شۇ سەۋەبتىن پەيدا بولغان ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ.)

كۆپ ھاللاردا ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە پەقەت بىر تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپلا زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، تۇرمۇشنى بىر ئىزىغا سېلىش تەس. ئۇنداقتا، ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالىماي، ئاردىكى بىر تەرەپ پەرۋاسىزلىق قىلسا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ چېكى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەركىم پەقەت ئۆزىنىڭ ھايات سەھنىسىدە ئېلىۋاتقان رولىنى ئېنىق تونۇغاندىلا، قەلب تىنچلىقىنى بۇزىدىغان ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىشى مۇمكىن. بەزىلەر «نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلغۇدەكمەن، ھايات قىسقا، ئارزۇ - ھەۋىسىمنى ئېتىبارغا ئالماسلىقىم كېرەكمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. ھايات ھەقىقەتەن چەكلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز شۇ چەكلىك ھاياتىمىزدا ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمىزنى قوزغاتقۇچ قىلىپ ئىز قالدۇرىمىز. بۇ يەردىكى گەپ قانداق ئىز قالدۇرۇشتا. ئارزۇ - ھەۋىسىمىز قەلب تىنچلىقىمىزنى بۇزۇپ، تۇرمۇشىمىزنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان دەرىجىگە بارغاندا ئۇنى چەكلەشنى بىلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرسەك، تۇرمۇشىمىزغا قىزىل چىراغ يېقىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغىلا ئەمەس، تۇرمۇشتىكى ھەمراھىمىزنىڭ، پەرزەنتىمىزنىڭ، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ئوخشاشلا قىزىل چىراغ يېقىلىدۇ. ئەلۋەتتە بىز بۇ قىزىل چىراغنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن.

ئادەم ھەۋەسنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىدۇ. مېنىڭچە، ئادەم ئەقلىنى، ھەرىكىتىنى كونترول قىلىۋالغان ھەۋەسلىرىنى يېڭەلىگۈدەك جاسارەتكە ئىگە بولمىسا، ئۇنى كونترول قىلىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بەلكىم ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت - سائادىتىگە باغلىغاندا، كونترول قىلىش ئۇنچە تەسكە توختىماسلىقىمۇ مۇمكىن. يەنە يۇقىرىقى گېپىمىزگە قايتساق:

«مەن ئائىلە ئىناقلىقىغا موھتاج» بۇ «مەن ئۇرۇش - جېدەل، ئۇششاق سۆزدىن بىزار» دېگەنلىك. «ئادەم، بولۇپمۇ ئەرلەر ھېسسىيات جەھەتتە قانائەتسىز كېلىدۇ» دېگەن بۇ جۈملىدە ئۆز قىلمىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەنىسى بار. ئادەم ئۆزى توغرا دەپ قارايدىغان، قوبۇل قىلىدىغان مەسىلىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. يەنىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، يوشۇرۇن ئېڭىدا شۇ خىل قىلمىشنى چەتكە قاقمايدۇ. «بۇ ۋاقىتلىق مەسىلە. ۋاقىت ئادەمنى قېرىتىدۇ، شۇڭا سىزنىڭمۇ كەڭ قورساق بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن بۇ گەپتىن «بۇ كۆڭلەر ھامان ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭغىچە سەۋر قىلىسىڭىز، مەن ھامان يېنىڭىزغا كېلىمەن» دېگەن مەنا چىقىدۇ. ئۇ كىشى نېمە سەۋەبتىن شۇنداق كېسىپ ئېيتالايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ كىشىنىڭ خاتىرىسىدە شۇنداق تەسىرات بار. بىر تەرەپ ۋاپاسىزلىق قىلغان، يەنە بىر تەرەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتقان... ياكى دەردىنى ئىچىگە يۇتماي ئايرىلىپ كەتكەن. بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بەلكىم شۇنداق ئويدا بولۇۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇنداقتا، ئۇ كىشىنىڭ ئائىلە شەجەرىسىگە قاراپ باقايلى:

— ئۇ كىشى دادىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئالغان خوتۇنىدىن بولغان بالا. دادىسى ھاياتىدا ئۈچ قېتىم

نىكاھلانغان. تۇنجى ئايالى بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقان مەزگىللەردە باشقا ئايالغا بۇزۇلۇپ خوتۇننى قويۇپ بېرىپ ئىككىنچى خوتۇننى ئالغان. ئىككىنچى خوتۇنى قولىدا ۋاقتىدا ئۈچىنچى ئايالغا بۇزۇلۇپ، ئۇ خوتۇننى قويۇپ بېرىپ، يەنە ئۈچىنچى خوتۇننى ئالغان. ئۈچ خوتۇندىن جەمئىي يەتتە بالىلىق بولغان. يەتتە بالىنىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، بىر ئوغۇل كىچىكىدە يېتىملىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بولغاچقا، ئايالىنىڭ سىرتتا باشقا ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. شۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ئوغۇللىرىلا ئەمەس، قىزلىرىمۇ ئاز دېگەندە ئىككى قېتىمدىن، كۆپ بولغاندا تۆت قېتىمدىن نىكاھلانغان.

ئانا تەرەپكە قارايدىغان بولساق، ئانىسى ئالتە قېتىم نىكاھلانغان، ھەممە ئېرىگە دېگۈدەك ئەرنىڭ قولىدا تۇرۇپ بۇزۇلۇپ تۇرۇپ تەگكەن. دېمەك، ئۇ كىشىنىڭ ئاتىسى ئۈچ خوتۇن ئالغان ، ئانىسى ئالتە قېتىم ئەرگە تەگكەن. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئىچىدە بىرى يوقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك خوتۇنىنىڭ سىرتتا بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا سۈكۈت قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك كۆپ نىكاھلانغان.

«شۇڭا سىزنىڭمۇ كەڭ قورساق بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن»... بۇنىڭدىن سىز ئۇنچە جىددىيلىشىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەن بۇ ئىشقا نىسبەتەن كەڭ قورساق بولغاننى كۆرگەن، سىزمۇ كەڭ قورساق بولۇڭ، دېگەن مەنا چىقىدۇ. شۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغان بىر بالىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشى، شۇنداقلا ئۆز قىلمىشىنى نورمال ئىش دەپ قاراپ ئايالىنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋېلىشىنى ئوچۇق - ئاشكارا تەلەپ قىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

«مېنىڭ ئائىلەمنى ساقلاپ قالغۇم بار»... بۇ بىر ئارزۇ. شۇ كىشىنىڭ چىن قەلبىدىن چىقىۋاتقان ئارزۇسى. ئۆز قىلمىشى ئارقىلىق ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى. ئۇنداقتا، ئۇ كىشى نېمە سەۋەبتىن شۇنداق گەپنى قىلىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ كىشى ئائىلىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىنىڭ تەمىنى كىچىك ۋاقتىدا بەك كۆپ تېتىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق. مۇقىم ئائىلىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجى بولىدۇ. ئادەم قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ يېڭى ئائىلە قۇرۇش ئارقىلىق بىخەتەرلىك، تەۋەلىك تۇيغۇسىنى يېڭىلايدۇ. ئائىلە ئۇلار ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش يالغۇزلۇق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلىدىغان، كۆيۈنۈش، ئاسراش، كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشىدىغان پاناھگاھ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا ئائىلىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەرمۇ ئەمەلىيەتتە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالاپ كەتمەيدۇ. سىرتقى تەسىر سەۋەبلىك ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىنى ھېس قىلغاندا ئالاقزەدە بولىدۇ. ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ، ھەتتا چۈشىنىشنى، كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن.

«بۇ ۋاقىتلىق مەسىلە، ۋاقىت ئادەمنى قېرىتىدۇ»... دېگەن جۈملىدىن ئائىلىدىن ۋاز كېچىش ئويى يوقلۇقىنى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئائىلىگە قىيماسلىق، ئائىلىگە تارتىنىش پسىخىكىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«مەن سىزگە ئىشىنىمەن» دېگەن بۇ جۈملىگە يوشۇرۇن يېلىنىش يوشۇرۇنغان بولۇپ، «سىرتتىكى ئويۇندىن زېرىككەندە

ياكى ئايرىلىپ قالغاندا قايتىدىن ئۆيۈم بولۇشى كېرەك»
دېگەن كۆچلۈك ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىغان.
ئادەمنىڭ خاتىرىسىدە قانداق تەسىرات كۆچلۈك بولسا
مەيلى غەزەپلەنسۇن ياكى ياقتۇرسۇن، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ
تەسىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا -
ئانىسىنىڭ باشقا ئەرلەر ياكى باشقا ئاياللار بىلەن ئالاقىسى
بارلىقىنى بىلىپ قالغان ۋە ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ شۇ
سەۋەبلىك ئۇرۇش - تالاش قىلىشقانلىقىنى كۆرگەن بالا
قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن شۇ يولدا مېڭىش ئارقىلىق
بالىلىقتىكى شۇ خىل تەسىراتىنى دەلىللىشى مۇمكىن. يەنە
بىر ئەھۋال، يەنى ئائىلىدە ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئورنىدا
سوكۇت قىلغۇچىنىڭ، ئازار يېگۈچىنىڭ رولىنى ئېلىشىمۇ
مۇمكىن. ئەھۋال ئېغىرراق بولغاندا نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن
قورقۇپ، نىكاھلانماسلىق يولىنى تاللىشىمۇ مۇمكىن.
گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بەزى ئاتا - ئانىلار مېنىڭ قانداق
ئىش قىلىشقانلىقىمنى باللار نېمە بىلەتتى؟ دېيىشى
مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بالىلار بۇ جەھەتتە ناھايىتى سەگەك
بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىش،
بىر - بىرىگە قاراش، گەپلىرىنىڭ ئورامى، ئۆزىگە قىلىۋاتقان
مۇئامىلىسىدىكى ئېگىز - پەسلىكتىن ئىشنىڭ
نورماللىسىزلىقىنى ھېس قىلالايدۇ، ھەتتا ھېس قىلغانلىرىنى
ئويۇن-ئويۇنغاندا ياكى رەسىم سىزغاندا ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن،
رەسىمدە ياكى ئويۇندا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
بوش ئورۇن قويۇشى، بۇ ئورۇنغا گەرچە ھېچنېمە سىزىلمىغان
بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئورۇندا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ
مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان باشقا بىر ئايالنىڭ ياكى
ئەرنىڭ ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن.



ئـارزۇ ـ ھەۋەسـنىڭ چېكـى بولمايدۇ. شـۇ سـەۋەبتىن ھەركـىم پەقەت ئۆزىنىڭ ھايات سەھنىسىدە ئېلىۋاتقان رولىنى ئېنىق تونۇغانـدىلا، قەلـب تىنچلىقىنى بۇزىدىغان ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىشى مۇمكىن.

# بالىنىڭ دۇنياسى

ئەرنىڭ سىرتقا قارىشى سەۋەبلىك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارنىڭ قىزى ئۆگزىسى ئۇچلۇق ئىككى قەۋەتلىك ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى داچا، قىزنىڭ سىرتتا ئويناۋاتقان، ئوغۇلنىڭ ئۆيگە دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرغان ھالەتتىكى رەسىمدىن بىرنى سىزدى. مەن:

ـ بۇ رەسىمدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشنى خالامسىز؟ دېگىنىمدە، ئۇ قىز:

ـ مەن ئاپام بىلەن بۇ داچىدا تۇرىمەن، ئاكام بىلەن دادام بۇ داچىدا تۇرىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە:

ـ نېمە سەۋەبتىن سىلەر بىر ئۆيدە تۇرمايسىلەر، دەپ سورىغىنىمدا بولسا :

ـ ئوغۇللار بىر يەردە، قىزلار بىر يەردە تۇرىدۇ، دېدى.

ـ بۇ ئوغۇل بالا كىم، ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئۆيگە تەتۈر قاراپ تۇرىدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ قىز جاۋابەن:

ـ ئۇ ئاكام، ئۆيگە كىرسە دادام يوق، شۇڭا دادامنىڭ يولىغا قاراپ تۇرىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ قىز ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق سىزغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، بىز رەسىمگە ئاساسەن ئائىلىدىكى بۆلۈنۈشنى ھېس قىلالايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتە ياشلارغا كىرگەن بىر قىز ماڭا سىرتتا يالغۇز ئويناۋاتقان بىر قىزنىڭ رەسىمىنى سىزىپ

بەرگەن ئىدى. مەن ئۇ قىزدىن رەسىمدىكى قىزنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ئۇ قىز مۇنداق دېگەنىدى:

— بۇ قىز ئۆيدە يالغۇز قالغان، دادىسى ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچكىلى كەتكەن. ئاپىسى بولسا ئىشتىن كەلمىگەن.

ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە مەسىلە كۆرۈلگەندە، ئۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن سېزىۋالىدىغىنى بالىلار. ئۇنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپلۈك ئۇچرايدىغىنىمۇ يەنىلا بالىلار. بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببىتى ياكى بىر - بىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەسلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سوغۇق مۇناسىۋەتتىن ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ھالدا ئازار يەپلا قالماستىن، يەنە ئايىغى چىقماس ئۇيۇن - تاماشا ياكى خىزمەت ۋە ياكى باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىگەندىمۇ، ئوخشاشلا قاتتىق ئازار يەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بالا ئاتا - ئانىسىغا بولغان نارازىلىقىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يەنى، ئاغرىپ قېلىش، مىجەزى ئۆزگىرىپ توختىماي غەلىۋە قىلىش، بالىلار بىر - بىرى بىلەن ئەپ ئۆتمەسلىك، ھەتتا يالغۇزلۇقنى خالاش، جىمغۇرلىشىپ كېتىش، قورقۇنچاق بولۇپ قېلىش... دېگەنگە ئوخشاش. ئىشەنمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا ياكى ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ بېقىڭ. مەن بالىلىرىمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ باقسام، چوڭ ئوغلۇم ئۈچ ياشقا كىرگۈچە بىر قېتىممۇ ئاغرىپ باقمىغان. شۇ چاغلارنى ئەسلىسەم مەن، دادىسى، چوڭ ئانا، چوڭ دادىسى بالىغا كۆپ ھەمراھ بولاتتۇق. بىراق، ئىككىنچى ئوغلۇمنى يەڭگىش ئۈچۈن دوختۇرخانىدا

ياتقاندا چوڭ ئوغلۇم تۇنجى قېتىم قىزىپ، 1 ~ 2 كۈنگىچە ئورنىدىن تۇرالماي ياتقانىدى. بۇ چاغدا ئاپام «بالا سىزدىن تۆيۈقسىزلا بىر ھەپتە ئايرىلىپ، ئىچىگە ئېلىپ كەتتى» دېگەن. ئۇ چاغدا دادىسىمۇ مەن بىلەن بىللە بولغاچقا، ئىككىلىمىزدىن بىرلا ۋاقىتتا ھەپتە، ئون كۈن ئايرىلىش بالىغا ئېغىر كەلگەنىدى. ئىككىنچى بالىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىن، يولدىشىمنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. دادىسى ئالدىراش بولغاچقا، بالىلار بىلەن كۆپرەك مەن بىللە بولاتتىم. ناۋادا خىزمەت بىلەن ھەپتە ئالدىراش بولۇپ قالسام، ئوغۇللىرىم يۆتىلىپ قالاتتى ياكى قىزىپ قالاتتى. سىزمۇ بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېقىڭ ياكى ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ياكى تۇرمۇش شەكلىنى باغلاپ بېقىڭ، ئازدۇر ـ كۆپتۇر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلالايسىز. مەن ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئەپ ئەمەسلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ دىققەت قىلىمەن.

**دىققىتىنى يىغالمايدىغان بالا:** بىر قىزنىڭ سىرتتا يالغۇز ئويناۋاتقان رەسىمىنى سىزىپ بەرگەن قىزچاقنى ئاپىسى ماڭا «دىققىتىنى يىغالمايدۇ، بىر ۋاراق تاپشۇرۇقنى ئىشلەش ئۈچۈن ئۇن قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەنىدى. بۇ قىزنىڭ دادىسىنىڭ خىزمىتى يوق، سىرتتىن كىرمەيدىغان ھاراقكەش، ئاپىسىنىڭ خىزمەتنى دەپ ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك ئەمەس.

**يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان قىز:** ئاتا ـ ئانىسى بىر ـ بىرىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇرۇش ـ جېدەل قوزغىمايدىغان ئائىلىدە ئۆسۈۋاتقان بۇ قىز تۇيۇقسىز يۈرەك سانجىقى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان.

**تىلىنىڭ ئاستىدا ئىلىنچىكى بار تۇغۇلغان قىز:** يولدىشىنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببىتى سەۋەبلىك كۈنلىرىنى تەشۋىش، گۇمان، ئاغرىنىش، پۇشايماندا ئۆتكۈزۈۋاتقان ئايالنىڭ بالىسى.

**زىيادە سەزگۈرلۈك كېسەللىكى بار بالا:** دادىسى قىمارغا بېرىلىپ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن كارى بولمىغان، بالا شۇ سەۋەبلىك ئانىسىنىڭ ئاغرىنىشىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان.

**زىققە كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان بالا:** دادىسىنىڭ مىجەزى غەلىتە، تۇرۇپلا ئاچچىقلىنىدۇ، تۇرۇپلا مېھرىبان بولۇپ كېتىدۇ، بالىنى يىغلىغىلى قويمايدۇ، يىغلىغاندا ھەتتا قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويىدۇ.

**كۆز ئەتراپى دائىملا قىزىرىپ قالىدىغان بالا:** دادىسى تۈگەپ كېتىپ، ئاپىسى بىلەن ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان قىز.

مەيلى قانداقلا سەۋەبتىن بولسۇن، تۇرمۇش تەرتىپى بۇزۇلغان ياكى ئائىلە نىكاھ مۇناسىۋىتى تەسىرگە ئۇچرىغان ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ باقىدىغان بولساق، مەلۇم بىر خىل ئىنكاسنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئىنكاس ئۇنچە دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىنكاس بولۇشىمۇ، ياكى دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان ئىنكاس بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېگەنلىرىمگە چىنپۇتمىسىڭىز، ئامېرىكىلىق پسىخولوگ، پەرىشتىگە ئەڭ يېقىن ئايال دەپ تەرىپلىنىدىغان ئايال لۇيىس خەينىڭ «ھاياتلىقنىڭ قايتا يارىتىلىشى» ناملىق كىتابىدىكى جىسمانىي كېسەللىكنىڭ روھىي يىلتىزى سېلىشتۇرما جەدۋىلىدىن تاللاپ ئاساس كەلتۈرىمەن.

| كېسەللىك نامى | روھىي جەھەتتىكى مەسىلىنىڭ مەنبەسى | ئەھۋالنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بېشارەت |
| --- | --- | --- |
| زىيادە سەزگۈرلۈك | كىمدىن بىزار؟ مەن ئامالسىز | سىرتقى دۇنيا بىخەتەر، مەن بىخەتەر |
| زىققە كېسەللىكى | ياشاشتىن قورقۇش، ياشاش مۇھىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاش. قىسقىسى ياشاش شەكلىنى ياقتۇرماسلىق | ئىنتايىن بىخەتەر، ئىنتايىن قەدىرلىك، ئوماق، ھەممە كىشى بۇ بالىغا دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ |
| كۆز كېسەللىكى | مېنىڭ ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۆرگۈم يوق | ئەتراپ بەخت، خۇشاللىق، ئىناقلىققا تولغان |
| يۈرەك كېسەللىكى | ئۇزۇن مۇددەت ھېسسىيات جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، بېسىم، چارچاش ھېس قىلىش، خۇشاللىق كەمچىل بولۇش | خۇشاللىق، خۇشاللىق، خۇشاللىق. مەن خۇشاللىقنىڭ پۈتۈن بەدىنىمنى، روھىمنى ئىگىلىشىنى ياخشى كۆرىمەن |
| ھەزىم قىلىشى ناچارلىشىش | قورقۇش، تىت - تىت بولۇش، ئەنسىرەش | مەن تۇرلۇك يېڭىلىقلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن |
| كېسەللىك ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش | غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش، بىزار بولۇش | مەن تىنچلىقنى، خاتىرجەملىكنى خالايمەن |

كېسەللىككە سەۋەب بولغان روھىي ئامىلنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، داۋاملىق تۆۋەندە ياخشى بېشارەتلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئەھۋالنى ئاستا - ئاستا ياخشىلاش مۇمكىن.

بەلكىم نېمە سەۋەبتىن بۇ مەزمۇنلارنى قىستۇردىڭىز؟ دەپ، سورىغۇڭىز كېلىۋاتقاندۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بىرلا، يەنى سەگىتىش. چۈنكى، مەيلى قانچىلىك مەسئۇلىيەتسىز ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئازار يېيىشىنى،

تەھدىتكە ئۇچرىشىنى، ئاغرىق ئازابى تارتىشىنى خالىمايدۇ. ناۋادا ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلى پەرزەنتلىرىنىڭ ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى بىلسە، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەگەر ئەر - خوتۇن ئۆز ئارا بىر - بىرىگە يول قويۇپ نىكاھتىكى بەختنى تېپىشىنى مۇمكىن. كۆپ ھاللاردا نىكاھ مۇناسىۋىتى تەسىرگە ئۇچرىغان ئەر - خوتۇنلار دىققىتىنى بىر - بىرىگە مەركەزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئازاب چېكىۋاتقان بالىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ھەم دىققەت قىلمايدۇ.



ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە مەسىلە كۆرۈلگەندە ئۇنى ئەڭ ئالدى بىلەن سېزىۋالىدىغىنى بالىلار. ئۇنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۈچلۈك ئۇچرايدىغىنىمۇ بالىلار.

# ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئويۇن، بالا ئۈچۈن قىيىن كۈنلەر

ـ ئىلگىرى ئېرىمنىڭ سىرتتا ئاشنىسى يوق ۋاقىتتا «مېنى ئۇردى، تىللىدى»، «ئاجرىشىمەن» دەپتىكەنمەن. ئەمدى سىرتتا بىرى بىلەن تېپىشىپ راستتىنلا ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈۋاتقاندا بولسا، ئائىلەمنى قانداق ساقلاپ قېلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن. ھازىر ئايال كىشى قىلالايدىغانلا ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتىمەن. ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆتۈۋاتىمەن. مېنىڭ پۈتۈن خىيالىم، ئۆزۈمنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق ئۇنى ئائىلىگە قايتۇرۇپ كېلىش (يولدىشىدىن ئازار يېگەن ئايالنىڭ ئېيتقانلىرى).

بۇ، ئائىلە ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىۋاتقان ئايال. بىراق، بۇنداق ھالەت يەنە قانچە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملىشىدۇ. ئەرنىڭ قېرىپ سىرتتا ئوينىغۇدەك مادارى قالمىغاندا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ ياكى ئەرنىڭ مۇھەببىتىنىڭ يېرىمىگە ئېرىشسىلا قانائەت قىلىش كېرەكمۇ؟ «كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ» ياكى ئەرنى «ۋاي ـ ۋاي» لاپ چارچاپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولغاندا، شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغان ئەرنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقان كۆڭلى يەنە قايتىپ كېتىپ قالسىچۇ، بۇنداق ۋاقىتتا قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ ئايال ماڭا «بالام دائىملا دادام، ئاناملارنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن» دەپ خاپا قىلىدۇ، دېگەنىدى. بالا نېمە سەۋەبتىن

شۇنداق قىلىدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن تارقاۋاتقان قەلب يىراقلىقىدىن قاچىدۇ. مەن خاتىرىلىرىم ئارىسىدىن بۇ ئايالنىڭ قىزى بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىنى ئېلىپ قاراپ باقتىم. قىزىنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆردۈم. مەيلى رېئاللىقتىكى ئائىلىسىنى ياكى ئارزۇسىدىكى ئائىلىسىنىڭ تەسۋىرلەپ سىزغان رەسىمدە بولسۇن، دادىسىنىڭ ئوبرازى يوق. مەن ھەتتا «يەنە ئويلىنىپ بېقىڭ، قوشىدىغان مەزمۇن بارمىكەن؟» دېسەممۇ دادىنى قىستۇرمىدى. بىر چەمبەر سىزىپ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭ، دېسەممۇ دادىسىنىڭ ئىسمى يوق.

ــ دادىڭىز ئۆيدە بار ۋاقىتلاردا ياكى يوق ۋاقىتلاردا نېمە ئىشلارنى قىلىسىز؟ دەپ سورىغىنىمدا:

ــ دادام بار ۋاقىتلاردا تېلېۋىزور كۆرسەم، كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرسام تىللايدۇ: كىتاب ئوقۇ، تىل ئۆگەن، مۇزىكا ئۆگەن، دەيدۇ.

شۇڭا، دادامنى كۆرسەملا تىل ئاڭلاشتىن قېچىپ كىتاب ئوقۇۋېمەن ياكى مۇزىكا چالىمەن. بىراق، دادامنىڭ ئۆيدە بولىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز، دېگەن.

ــ دادىڭىز يوق ۋاقىتلاردىچۇ؟ دەپ سورىغىنىمدا،

ــ دادام يوق ۋاقىتلاردا ئۆزۈم خالىغان ئىشلارنى قىلىمەن، تېلېۋىزور كۆرىمەن، كومپيۇتېر ئوينايمەن. تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن، بەزىدە كىتاب ئوقۇپ ئۇخلاپ قالىمەن.

ــ دادىڭىز ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ــ دادام تېلېۋىزور كۆرىدۇ.

ــ ئاپىڭىزچۇ؟

ــ ئاپام، ئاشخانا ئۆيدە تاماق ئېتىدۇ ياكى ئۆي تازىلايدۇ.

بۇ خاتىرىلەرنى كۆرۈپ، رەسىمگە يەنە بىر قېتىم قارىدىم.

ــ دادىڭىزنى قوشۇپ بىر پارچە رەسىم سىزىپ باقامسىز؟ دېگىنىمدە، بىر پارچە رەسىم سىزدى، بۇ رەسىمدە دادىسى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان، ئاپىسى ئاشخانا ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، بالىدا ئەر ـ خوتۇن، بالا خۇشال ـ خۇرام بىر يەرگە جەم بولغان تەسىرات يوق. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بەلكىم:

ــ كىچىك بالا دېگەن تۇزكور، دادىسى بىر ئائىلىنى باقىمەن، تۇرمۇشىمىز ياخشى بولسۇن دەپ سىرتتا ئىشلەۋاتسا، دادىسىنى سىزمىغىنىنى كۆرۈڭ، دەيدىغانلار چىقىشى مۇمكىن.

بىراق، شۇ نەرسە ئېنىقكى، بالا نېمىنى كۆرسە، نېمىنى ھېس قىلسا، شۇنى سىزىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ. بالىنىڭ ئىختىيارىدا بولىدىغان ئىش بولسا، بالا ئەلۋەتتە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ھالىتىنى سىزغان بولاتتى.

مەن ئۇ قىزدىن مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ئەمەس، كىم بىلەن قانداق ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى، كىم بىلەن ئەپ ئەمەسلىكىنى كۆپرەك سۆزلىگەن. دېمەك، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن يېتەرلىك مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەن بالا كاللىسىدا «ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرمىگەن يەردە، باشقىلار مېنى ياخشى كۆرەمتى» دەپ ئويلىۋالغان ۋە شۇ خىيالىنىڭ تۈرتكىسىدە پىسخىكا جەھەتتىن ئەتراپتىكىلەردىن مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە ئۆتكەن. يەنى باشقىلار بىلەن تەبىئىي، دوستانە مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشى چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان. يەنە بىر پارچە رەسىمدە ئۆگزىلىرى قىرلىق،

موردىن ئىس چىقىپ تۇرغان، دېرىزىسى كىچىك، ھەم ئېتىلگەن ئۆي سىزىلغان (ئادەتتە پسىخولوگىيەدە دېرىزە سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان قەلب ئالاقىسىگە سىمۋول قىلىنىدۇ. موريدىن چىقىۋاتقان ئىس ناچار كەيپىياتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بارلىقىنى بىلدۈرسە، قىزىلىق ئۆزگىرە كەيپىياتىدىكى قاتتىقلىقتا سىمۋول قىلىنىدۇ. بۇ يەردە رەسىم تەھلىلى ئاساس بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمەن). ئادەم تاشقى دۇنياغا قانداق ئۇچۇر تارقاتسا، شۇنداق ئىنكاسقا ئېرىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «ماڭا يېقىن كەلمە، ماڭا ئازار بەرگىنىڭنى كۆرەي» دېگەن ئۇچۇرنى تارقىتىۋاتقان كىشىنىڭ ئېرىشىدىغىنىمۇ تارقاتقىنىغا يارىشا بولىدۇ. مۇشۇ بويىچە تەرەققىي قىلغاندا، بالىنىڭ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى ئوبيېكت تاللاش، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىمۇ مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

نىكاھ تۇرمۇشىدا زىددىيەت پاتقىقىغا پېتىۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبلىك پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆپ ھاللاردا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارغا بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. بىراق، رېئاللىقتا ئۆزلىرىنىڭ يەڭگىلتەكلىكى سەۋەبلىك پەرزەنتلىرىنى ئورنىنى تولدۇرۇش تەس بولغان زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز.

بىر كۈنى بىر دوستۇم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: يېقىن دوستىمىزدىن بىرى يولدىشىنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، يولدىشىنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سايتۇ. شۇنىڭ بىلەن يولدىشى يامانلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن تېلېفون قىلىپ:

كىيىملىرىمنى ئەپچىقىپ بەر، دەپتۇ. ئايال:

— ئەمدىلا بىر يېرىم ياشقا كىرگەن بالاڭنى كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟ دېگەندە:

— بالا تېخى كىچىك، مېنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دەپتۇ.

ئەمدىلا بىر يېرىم ياشقا كىرگەن بالا تۇيۇقسىز دادىسىدىن ئايرىلىپ قالسا قانچە تىت ـ تىت بولار، دادىسىغا قانچىلىك ئىنتىزار بولار، شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى سېغىنىش ئازابى بىلەن تولىدۇ. بۇنى شۇ بالىدىن باشقا كىشى تولۇق ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. بالا كۆرۈنۈشتە دادىسىنى ئىزدىگەندەك قىلمىغىنى بىلەن، شۇ سېغىنىشنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كۆمۈپ قويىدۇ. بۇنىڭغا كېيىنكى كۆنلەردىكى دادىسىزلىقتىن پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك ئازارلار قوشۇلۇپ، بالىنىڭ قەلبىنى ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش تەس بولغان زەخمىگە ئۇچرىتىدۇ. دېمەك، بالا كىچىك تۇرۇپلا يەتكۈچە ئازاب تارتىدۇ، بۇ ئازابنىڭ ئاسارىتى قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن تۈرلۈك شەكىللەردە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە چوڭلار ئانچە بەك ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھەتتا بالىدا بىنورماللىق كۆرۈلگەندىمۇ گۇناھنى بالىدىن ئىزدىشىدۇ. ئادەتتە بالىنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇرۇپلا غەلىتە قىلىقلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىيالايدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

دېمەك، نىكاھلانغاندىن كېيىن ئادەم پۈتۈنلەي ئۆز ئارزۇ ـ ھەۋىسىنى قوغلىشىپ، ئۆزى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بىر توپ كىشىنى نەزەردىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلغاندا، تۆلەيدىغان بەدىلى زور بولىدۇ. مەيلى ئايال بولسۇن ياكى ئەر بولسۇن، نەپسى كونترول قىلىنىۋالغان قەلبنى ئەقىلگە

تايىنىپ چەكلەشنى بىلمىگەندە، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان بولىدۇ. مەن بۇ ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ - ھەۋىسىنى پۇتۇنلەي قۇربان قىلىۋېتىش ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىش كېرەك، دېمەكچى ئەمەس. پەقەت، لاياقەتلىك ئايال ياكى ئەر ئۆز ئارزۇ - ھەۋىسىنى بىر - بىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشنى، ئۆز ئارزۇ - ھەۋىسى سەۋەبلىك ئەتراپىدىكى يېقىنلىرى زىيانغا ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغاندا ئۆزىنى چەكلەشنى بىلىدۇ، دېمەكچى. شۇنداق قىلالىغاندا بەختلىك ۋە خۇشال - خۇرام ياشىغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئېرىشىدىغان بەخت ۋە خۇشاللىقىدىن ئازابى ئېشىپ كېتىدۇ.



بالا نېمىنى كۆرسە، نېمىنى ھېس قىلسا شۇنى سىزىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ. بالىنىڭ ئىختىيارىدا بولغان بولسا، بالا ئەلۋەتتە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىناق - ئىجىل ھالىتىنى سىزغان بولاتتى.

# تۇرمۇش قېلىپىنىڭ تەكرارلىنىشى

نىكاھ مۇناسىۋىتى زىددىيەت پاتقىقىغا پېتىۋاتقان كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببەت سۇس ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىق ئېھتىماللىقى يۇقىرى. ئۇلار ئۆزىدىكى مەسىلىنى تونۇماي، يەنە داۋاملىق ئەسلىدىكى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قېلىپىنى داۋاملاشتۇرسا، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ شۇ خىل تۇرمۇش قېلىپىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ.

مەسىلەن، ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە سىرتلاردا يۈرۈپ، نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەر شۇ سەۋەبلىك ئايالىنى، بالىلىرىنى ئازابلايدۇ.

يەنىمۇ ئىچكىرىلىسەك، بۇ ئەرنىڭ دادىسىمۇ ئىلگىرى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغان، سىرتتىن كىرمەيدىغان كىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تۇرمۇش قېلىپى بۇزۇۋېتىلمىگەندە، بۇ ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ دادىسىغا ئوخشاش قاچقۇن ياكى ئاپىسىغا ئوخشاش سوكۇت قىلغۇچى ياكى قاقشىغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ. بۇنى قانداق بۇزۇپ تاشلاش كېرەك؟ بۇ ھەقتە كېيىنكى مەزمۇندا تەپسىلىي توختىلىمەن.

بالا ئىللىق ئائىلە مۇھىتىدا بەخت سىزىمىدە چوڭ بولسا، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى ئائىلىسىدە شۇ خىل كەيپىياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ.

ناۋادا بەخت سېزىمى تۆۋەن، ئەيىبلەش، ئىچى سىقىلىش، قورۇنۇش، چەتكە قېقىلىش، ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق تەسىراتى كۈچلۈكرەك بولغان بولسا، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى يېڭى ئائىلىسىدە شۇ خىل كەيپىياتنى داۋاملاشتۇرۇش ئېھتىماللىقى نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئائىلىدىكى بالىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، دادىسىنىڭ ئائىلىدە ئۆزلىرىگە كۆپرەك ھەمراھ بولماسلىقىدىن بىزار. شۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتكۈسى كېلىدۇ. ئۆزگەرتىش قولىدىن كەلمەيدۇ. ئاپىسىغا ئىچى ئاغرىيدۇ. ياردەم قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ دەل يۇقىرىقىدەك ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىدا بولىدىغان روھىي ھالەت. بۇ خىل مۇھىتتا ئۆسۈۋاتقان بالىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا يەنە «دادام سىرتتا نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇلدۇ؟» دەيدىغان قىزىقىشىمۇ بولۇشى مۇمكىن. بالا «دادام نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟» دېگەنگە جاۋاب تاپقۇسى كېلىدۇ. بۇ خىل ئىستىكى كۆپ يىل يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن قۇرغان يېڭى ئائىلىسىدە قانائەت تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئېھتىماللىق بولىدۇ. ناۋادا نىكاھتىكى ھەمراھى دادىسىغا ئوخشاش قاچقۇن بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈش تەكرارلانغاندا بالىلىقتا قەلبىگە ئورناپ قالغان دادىسىنى ئۆزگەرتىش ئىستىكى باش كۆتۈرۈپ، نىكاھ ھاياتى قارشى تەرەپنى ھەر خىل ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئۆزگەرتىشنى ئويلاش بىلەن ئۆتىشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ تارىخ مانا شۇنداق تەبىئىي تەكرارلىنىدىغان بولغاچقا، باشقىلار ئەمەس، ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلالماي قېلىشى، بەلكىم ھېس قىلالايدىغىنى پەقەت ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل تەسىرات بولۇشى، بەزىدە شۇ خىل تەسىراتقا ئادەتلىنىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىماسلىقىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە

تەكرارلىنىۋاتقىنى دەل ناچار سۈپەتلىك ئائىلە قېلىپى بولۇپ، ئاخىرىغا بېرىپ پۈتكۈل جەمەتنىڭ ئورتاق پاجىئەسىگە ئايلىنىدۇ.

ئىلگىرى مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن بىر ئايال يېقىندا ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئۆچ قىزىمنى ياخشى باقتىم، ئۆزۈمنى ياخشى كۆتتۇم، ئۆيۈمنى گۈلدەك تۇتتۇم، بىراق يولدىشىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدىم. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنداق قېتىپ كېتىپتۇ. سىرتتىكى ئاشنىسىغا ئۆي ئېلىپ بېرىپتۇ. دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ. ئۆيگە كەلسە مېنى ئۇرىدۇ. قىزلىرىم كىچىك، بويتۇ، دەپ چىدىدىم. بىراق، ئۇ پەقەتلا ئەقلىنى تاپمىدى. مېنى «ساڭا بېرىدىغان بالىمۇ يوق، مالمۇ يوق» دەپ، ئۆيدىن قوغلاۋاتىدۇ. ماڭا مال ـ دۇنيا كېرەك ئەمەس. بالىلىرىم بولسا كىچىك، چوڭى تېخى ئەمدىلا ئالتە ياشتا. ئۇ بالىلارنى باقمايدۇ، قېيىنئانامنىڭمۇ يەتكۈچە دەردى بار، ھەرگىزمۇ بالا باقالمايدۇ. بالىلىرىم تالادا قالىدىغان بولدى.

ـ قېيىنئانىڭىزنىڭ قانداق دەردى بار؟ دەپ سورىدىم مەن.

ـ قېيىنئاتام قېرىغاندىمۇ ئويۇندىن ئۆزىنى تارتمىغان كىشى، قىزلىرىم ئۇ ئۆيدە قانداقمۇ بىخەتەر ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ. قېيىنئانام نومۇستىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دەرد تارتىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئايال، مەن قىزلىرىمنى ئۇ ئۆيگە قويۇپ قويۇشتىن بەكلا ئەنسىرەيمەن. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلمىدىم.

ئۇ ئايالنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇنداق سورىدىم:

ـ سىز بۇ نۆۋەت راستتىنلا ئاجرىشىپ كېتەمسىز؟

ـ ئەمدى ئۆي تۇتقۇدەك يېرى قالمىدى. ئۇ سوتقا ئاجرىشىش ھەققىدە ئەرز سۇنۇشۇمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مېنى ئەرز قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن كىم ئەرز قىلسا،

ئەرز قىلغان تەرەپ بارلىق گۇناھنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھېچنېمە تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولمامدۇ؟ مېنىڭ باللارنى سەرسان قىلغۇم يوق. باللارنى ئالسام ئالاملا بولاتتى. ئۇنىڭغا يېقىندا تېلېفون ئۇرۇپ، باللارنى ئۆزۈم باقىمەن دېسەم، بالا مېنىڭ، ئۇرامدىم، تىللامدىم، باشقىلارنىڭ ئىشىغا سالامدىم ئۆزۈمنىڭ ئىشى دەيدۇ. مەن بۇ دەردكە چىدىمىدىم. قانداق قىلسام بولار...

بۇ ئايال ھەسرەت چېكىۋاتاتتى، يۈرىكىنىڭ بالا دەردىدە يولدىشىنىڭ قىلغان خورلىقىدا لەختە - لەختە بولۇپ كەتكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى.

مەن ئۇ ئايالغا ئالدى بىلەن ئىشلارنىڭ يولدىشىنىڭ دېگىنىدەك بولمايدىغانلىقىنى، مال - مۈلۈك، باللارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن باشقا، ئادۋوكاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، قانداق تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر مەسلىھەت ئېلىشىنى تەۋسىيە قىلدىم.

نىكاھ تۇرمۇشى ۋەيران بولۇپ، زار - زار قاقشاۋاتقان ئاياللارنىڭ دەردىنى ئاڭلىسىڭىز، بەزىدە دۇنيادا شۇنداقمۇ ئەقىلسىز كىشىلەر بولامدىغاندۇ؟ دەپ ھەيران بولىسىز. مېنىڭ شۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ «سەن ھازىر نوچىلىق قىلغىنىڭ بىلەن، قىزلىرىڭ كەلگۈسىدە ساڭا دەرد قىلىدۇ. مەيلى ئايىسىغا ئوخشاش دەرد تارتقۇچى بولۇپ قالسۇن ياكى ساڭا ئوخشاش يولدىن چىقسۇن، سېنىڭ قىلغىنىڭنىڭ دەردىنى بالىلىرىڭ تارتىدۇ. قاراپ باق! داداڭنىڭ ھالىغا! ئاناڭنى قاقشىتىپتىكەن، سەن ئايالىڭنى قاقشىتىپسەن. سېنىڭچە، داداڭ، ئاناڭلارنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك، بەختلىكمىدۇ، سېنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشۇڭ بەختلىكمۇ؟ سەن مەيلى ئاشناڭ بىلەن قانچىلىك بەختلىك بولۇپ كەت، بالىلىرىڭ بېشىڭدا يىغلايدۇ. سەن ھەرگىزمۇ بەختلىك

بولالمايسەن! سەن پەقەت داداڭنىڭ يولىنى قايتىلاۋاتىسەن. بالىلىرىڭ قايسى يولنى قايتىلايدۇ؟! ناۋادا ئەقلىڭنى تاپمىساڭ، ئۆز پۇشتۇڭمۇ قان، ياش يىغلاپ چوڭ بولىدۇ. يەنە يا ئاپىسىنىڭ، يا سىڭنىڭ يولۇڭنى تەكرارلايدۇ. بۇ مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ» دېگۈم كەلدى. بىراق، ئۇنداق دېيەلمەيمەن. ناۋادا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئالدىمغا مەسلىھەت ئالغىلى كەلگەن تەقدىردىمۇ توغرىدىن - توغرا بۇ گەپلەرنى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئۆزى ھېس قىلمىسا، ئۆز قىلمىشىنى ئۆزى تونۇمىسا بۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىمۇ نېمە پايدىسى؟

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەرمۇ بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى. چۈنكى، ئۇ ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنۈشنى، مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئەڭ يېقىن ھەمراھىغا ئۆز مۇھەببىتىنى بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتىنى بەرگەنلىكىنى ھېس قىلمىغان، ئۆزلىرىگە مېھرىبانلىقىنى ئاتا قىلغىنىنى كۆرمىگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بىچارە ھالىتىنى ئۆزى ھېس قىلالمايدۇ. ھەقىقىي نىكاھ بەختىنىڭ خوتۇن - بالىلار بىلەن خۇشال - خورام ياشاش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆرۈپ چوڭ بولغىنى ئۆزىنىڭ تەكرارلاۋاتقىنىغا ئوخشاش تۇرمۇش. بۇ تارىخ ئەنە شۇنداق تەكرارلىنىدۇ. ئۇ مەيلى قانچە خوتۇن ئالسۇن، شۇ تارىخنى تەكرارلاشتىن ساقلىنالمايدۇ. پەقەت، يامانراق خوتۇن ئېلىپ قالسا، ئاپىسىنىڭ رولىنى ئېلىپ دېمىنى ئىچىگە يۇتقۇچى، سۈكۈت قىلغۇچى، ياۋاشراق خوتۇن ئالسا، دادىسىنىڭ رولىنى ئېلىپ بوزەك قىلغۇچىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئەنە شۇنداق سىرتتىن قارىغۇچىغا ئېنىق، ئۆزىگە غۇۋا بولغان ئېچىنىشلىق تارىخ.



نىكاھ مۇناسىۋىتى زىددىيەت پاتقىقىغا پېتىۋاتقان ئەر - خوتۇنلار ئۆزىدىكى مەسىلىنى تونۇماي، يەنە داۋاملىق ئەسلىدىكى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قېلىپىنى داۋاملاشتۇرسا، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ شۇ خىل تۇرمۇش قېلىپىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ.

# ئائىلە شەجەرىسى

بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولماقچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى قۇرلارغا داۋاملىق دىققىتىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.

مەلۇم ناھىيەدىكى نامى بار چوڭ باينىڭ ئائىلە شەجەرىسى:

بۇ جەمەتتە ئالتە بالا بولۇپ، ھەممىسى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىمدىن نىكاھلانغان. ماڭا بۇ ئۇچۇرنى ئېيتىپ بېرىۋاتقان ئايال دەل شۇ جەمەتتىكى ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق نىكاھلانغاندىكى خوتۇنى. مەن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى، بالىلىرىنىڭ ئەھۋالى، ھەتتا چوڭلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈردۈم. بۇ ئائىلىدىكى بوۋاي ئىككى قېتىم نىكاھلانغان. ئىككىنچى نىكاھىدىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق سىرتتىكى ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىگەن. شۇ سەۋەبتىن، بالىلار ئانىسىنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئارىدىكى ئۇرۇش - تالاشنى كۆرۈپ چوڭ بولغان. بۇ ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ قەلبى دادىسىغا نەپرەتلىنىش، ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن تولغان. ئەمما، مۇشۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نىكاھ تۇرمۇشىدا دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىدىكى شۇ خىل قېلىپنى تەكرارلىغان. يەنى ئۇ ئائىلىدىكى ئوغۇللارلا ئەمەس، قىزلارمۇ ئۈچ قېتىمدىن نىكاھلانغان. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ كۆپ نىكاھلىنىشىدىكى

سەۋەبنى يوزەكى تەھلىل قىلساق تۆرلۈك سەۋەبلەر بار. بىراق شۇ خىل سەۋەبلەرنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلساق، ئاساسلىقى ئۆلارنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق يېقىن مۇناسىۋەتنى قانداق ئورنىتىشنى ۋە داۋاملاشتۇرۇشنى بىلمىگەنلىكى، قىسقىسى بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى بىلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان، گەرچە نىكاھقا ساداقەتسىزلىك قىلىشتىن نەپرەتلەنسىمۇ، ئەمما قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن يەنىلا قوبۇل قىلالايدۇ. چۈنكى، ئادەم قانداق تۇرمۇش مۇھىتىدا چوڭ بولسا، شۇ خىل تۇرمۇشنى تەكرارلاشتىن ساقلىنالمايدۇ.

ئۆلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئوخشاشلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۆلارنىڭ ئىچىدە روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان، لۈكچەكلىك قىلغان، ئۆستى ـ ئۆستىگە خوتۇن ئېلىپ قويۇپ بېرىپ، نىكاھنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈۋاتقانلار بار. شۇ جەمەتتىكىلەر بىلەن نىكاھلانغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولغان، بۇ جەمەتتىكى ئەزالارمۇ ھەقىقىي بەختنىڭ، خۇشاللىقنىڭ تەمىنى تېتىيالماي، شۇ خىل تۈيغۇنى ئىزدەپ، كۆرۈنۈشتە ئىشلىرى جايىدا كېتىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، بەختسىزلىك ئىچىدە ياشىغان. ئەڭ مۇھىم بولغىنى بۇ خىل ئائىلە قېلىپىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىۋاتقانلىقى.

بۇ خىل تەكرارلىنىشنى يەنىمۇ روشەن ھېس قىلىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن، بۇ ئائىلىدە تەكرارلىنىۋاتقان تۇرمۇش قېلىپىنى فورمۇلا شەكلىگە كەلتۈرەي.

| | |
|---|---|
| بوۋاينىڭ دادىسى | موماينىڭ دادىسى |
| ئىككى خوتۇنى بار | كۆپ خوتۇن ئالغان |
| بوۋاينىڭ ئاپىسى | موماينىڭ ئاپىسى |
| ئاتىقى يامان ئايال | ياۋاش ئايال |

(بوۋاي، موماي ھەر ئىككىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببىتى سۇس. قېرىغاندىمۇ ئائىلىدە ئۇرۇش ـ جېدەل قوزغىغان، ئايال بىر ئۆمۈر ئەرنىڭ يولدىن چىققان قىلمىشىغا سوكۇت قىلغان.)

| موماي | بوۋاي |
| --- | --- |
| تۇنجى نىكاھى | ئۈچ قېتىم نىكاھلانغان |

(ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتى سۇس. قېرىغاندىمۇ ئائىلىدە ئۇرۇش ـ جېدەل قوزغىغان. مومايىنى دائىم ئۇرۇۋالىدۇ. ئايال بىر ئۆمۈر ئەرنىڭ يولدىن چىققان قىلمىشىغا سوكۇت قىلغان)

**ئۆلارنىڭ يەتتە بالىسى بار**

بالىلارنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى ئەسكەرتمەي، پەقەت نومۇر ئارقىلىق ئىپادىلەيمەن.

**1 ـ بالا ئۈچ قېتىم نىكاھلانغان**

ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەت سۇس.
ئۈچ بالىسى بار.
ئۈچ بالىنىڭ بىرى باشقىلار بىلەن قېچىپ كەتكەن.
يەنە بىرى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن.
يەنە بىرىمۇ كوچىغا چىقىپ كەتكەن.

**2 ـ بالا ئۈچ قېتىم نىكاھلانغان**

ئۈچ بالىسى بار.
ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.
ئايالىنىڭمۇ، ئەرنىڭمۇ يامان ئادىتى بار.
تۇنجى بالىسىنىڭ ئەقلى كەمتۈك.
ئىككىنچى بالىسى يولدىن چىققان بەڭباش.

ئۆچىنچى بالىسى پىسخىك جەھەتتىن مەسىلە كۆرۈلۈپ، ساراڭلىق دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان.

**3 ـ بالا تۆت قېتىم نىكاھلانغان**

ئۈچ بالىسى بار.

ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتى سۇس.

ئىككىلا تەرەپ ئۆيۈندىن باش تارتمايدۇ.

بالىلىرىنى تەربىيەلەشكە پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

تۇنجى بالىسىنىڭ تويىنى قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ئوقۇۋاتىدۇ، بىراق ئوقۇشى ياخشى ئەمەس، ئويۇنچى.

**4 ـ بالا ئۈچ قېتىم نىكاھلانغان**

ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتى سۇس.

ئۈچ بالىسى بار.

بالىلىرىنىڭ ئىچىدە بىرى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.

قالغانلىرى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، بىراق ئوقۇشى ياخشى ئەمەس.

ئەر ـ خوتۇن بالا تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

5 ـ 6، ـ بالىلىرىمۇ ئوخشاشلا بىكارچى، دادىسىنىڭ تىجارىتىگە ئانچە ـ مۇنچە ھە ـ ھۇ دېيىشكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئويۇن قېيى، بىكار تەلەپلەر، نىكاھ تۇرمۇشى مۇستەھكەم ئەمەس. بالىلىرى ئىناقسىز ئائىلىدە، تەرتىپسىز، غايىسىز چوڭ بولۇۋاتقان.

مۇشۇ تەرتىپ بويىچە شۇ جەمەتتىكى كېلىن، كۈيۈئوغۇل، تاغا، ھامما... قاتارلىق بارلىق كىشىلەرنى فورمۇلاغا سالساق، ئاساسەن پەرق چوڭ ئەمەس. ماڭا يۇقىرىقى ئۆچۈرلارنى دەپ بەرگەن ئايال ئاجرىشىپ كەتكەن يولدىشىنىڭ تۆتىنچى خوتۇنىنى ئىبلىشقا تەييارلىنىپ، ئارقىدىن

يېنىۋالغانلىقى ھەمىدە چەت ئەللىگە چىقىپ كېتىمەن، دەپ ئۆيدىكىلەرگە قوقاق سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەگەر شۇ گەپ راست بولسا، بۇ خۇددى كىچىك بالىنىڭ قاچقىنىغا ئوخشاش، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىن قېچىشنىڭ يەنە بىر قېتىم تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئۇ نېمە سەۋەبتىن قاچىدۇ؟ چۈنكى، يېقىن مۇناسىۋەتنى قانداق ئورنىتىشنى، داۋاملاشتۇرۇشنى بىلمەيدۇ. ئادەتتە بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىدە ئاتا - ئانىسىدىن ئۆستى - ئۆستىلەپ ئازار يېگەندە، كۆپ ھاللاردا كىچىك ۋاقتىدىكى مۇشۇ خىل قېچىپ كېتىش، قۇتۇلۇش ئىستىكىنى قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن خاتا ھالدا نىكاھتىكى ھەمراھىدىن قېچىش ئارقىلىق قانائەتكە ئېرىشتۇرىدۇ.



ئادەم قانداق تۇرمۇش مۇھىتىدا چوڭ بولسا ياكى قانداق تۇرمۇش شەكلىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىسا، شۇ خىل تۇرمۇشنى تەكرارلاشتىن ساقلىنالمايدۇ.

# ياش تۆكۈۋاتقان بالا

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

يولدىشىمنىڭ «ئۇستۇڭگە خوتۇن ئالىمەن» دېگەن بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئازابلىنىۋاتقان بىر ئايال ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن:

— بىزنىڭ يېڭى توي قىلغان ۋاقتىلىرىمىز ئىدى. يولدىشىمنىڭ سىرتتا باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتىم. بىر كۈنى يولدىشىمغا ماڭا بەكلا تەسىر قىلغان بىر ھېكايىنى ئوقۇپ بەردىم:

— ئۇ ئايال يولدىشىنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى بىلىپ، ئىككى يىلغىچە سوكۇت قىلىدۇ، ئاخىر بىر كۈنى كەچلىك ئىسمىنىدىن بالدۇر كېلىدۇ ۋە يولدىشىنى ئاشنىسى بىلەن شېرىن ئۇيقۇدا كۆرىدۇ. . .

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يولدىشىم مېنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئەر نېمە سەۋەبتىن يىغلايدۇ؟

ھېكايىدىكى ئامالسىز قالغان بىچارە ئايال ئەرگە باغلىنىدىكى ئامالسىز، بىچارە ھالىتىنى ئەسلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا يىغلاۋاتقىنى بالىلىقتا ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈشىگە، مېھىر - مۇھەببىتىگە تەشنا بولغان بالا. ھېكايىدىكى ۋەقەلىك ئۇنىڭ بالىلىقتىكى خاتىرىسىنى ئەسلىتىپ، ئازابلىرىنى ئېسىگە سالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايالىغا خىيانەت قىلغانلىقىدىن ۋىجدان ئازابى تارتىپ،

كۆزىگە ياش ئالغان.

بىراق، دەل شۇ كىشى كېيىنكى كۈنلەردە ئايالىدىن يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ بېرىشنى، ھەتتا شۇ قىلمىشلىرىنى قوللاشنى ئوچۇق - ئاشكارا تەلەپ قىلىدۇ. ئايالى يوق ۋاقىتلاردا ئۆيىگە باشقا ئاياللارنى ئېلىپ كىرىپ، ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتىدۇ.

ئۇ كىشىنىڭ خاتىرىسىدە خوتۇن - بالىغا مەسئۇل بولۇش، كۆيۈنۈش پەقەت ئاچ - يالىڭاچ قويماسلىق بىلەنلا مەزمۇنلىنىدىغان بولغاچقا، ئايالىنىڭ نورمال ھېسسىياتىنى، ئۇنداق ئىشلاردىن كۆڭلى ئازار يەيدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. قىسقىسى، ئايالىنى ئۆزىگە ئوخشاش «نورمال ھېسسىياتى بار» ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئاچ - يالىڭاچ قويماسلىقنىلا ئويلىسا، بۇ ئىنسان بولامدۇ؟ بۇنى ئۆزى ھېس قىلالمايدىغان، شۇنداقلا شۇ خىل ھالىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزگەرتمەكچى ئويلىمايدىغان بولغاچقا، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە، بالىلىق خاتىرىسىدىكى ئاتىسى ئانىسىغا ئازار بەرگەنگە ئوخشاش شەكىلدە ئازار بېرىدۇ.

ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇ خىل قېلىپ ناۋادا ئاڭلىق ھالدىكى تۈزىتىشكە ئېرىشەلمىگەندە چەكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ.



ئىنساندا ھېسسىيات بولىدۇ. بۇنى ئۇ ئەر ئويلىمىيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە باشقىلارنى قەدىرلەش، ھۆرمەت قىلىش تەسىراتى كەمچىل.

# بەختلىك ئائىلىدىكى پاجىئە

قەلب يارىسى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كەمچىللىكىدىن پەيدا بولىدۇ، قەلب يارىسىنى داۋالاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا مېھىر ـ مۇھەببەتتۇر. بالىلىقتا مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان بالا قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن قەلب يارىسىغا مەلھەم بولغۇدەك مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشسە، خۇددى يېڭى تۇغۇلغاندەك قانائەت ۋە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. بىراق، ئۇ يەنە تۆۋەندىكىدەك خاتالىقنى سادىر قىلىشىمۇ مۇمكىن.

بىر بالا ئانىسى تۇگەپ كېتىپ يېتىملىكتە يەتكۈچە ئازار يېگەن. كېيىنچە ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ياخشى كۈنلەرگە، مەرتىۋىگە، ياخشى ئايالغا ئېرىشكەن. ئايالى بىلەن بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ ھەيران قالدۇرغان ۋە تەسىرلەندۈرگەن. بىراق، دەل شۇنداق بەختلىك، ئىجىل ـ ئىناق ئائىلىدىمۇ مەسىلە كۆرۈلگەن، يەنى تۆت بالىنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاتىسىنىڭ تاللىغان يولىدا ماڭمىغانلىقى سەۋەبلىك ھېچ ئىككىلەنمەي ئائىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. شۇنداق بەختلىك ئائىلىدە نېمە سەۋەبتىن بۇنداق پاجىئە يۈز بېرىدۇ؟ ئەسلىدە دادىنىڭ خاتىرىسىدە بالا كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلمىسا تاشلاش، كارى بولماسلىق تەسىراتى بار. ئانىسىنىڭ خاتىرىسىدىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېتەرلىك مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن تەسىرات كەمچىل. شۇ سەۋەبتىن، بالىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ مېھىر ـ مۇھەببەتكە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس

قىلالمىغان ۋە ئۆلارغا يېتەرلىك مېھىر - مۇھەببەت بېرەلمىگەن، «باللارمۇ مېنىڭ مېھرىبانلىقىمغا تەلپۈنىدۇ » دېگەننى ئويلىيالمىغان. دېمەك، ئېرىشكەنلىرىنى قەدىرلەيدىغان ۋە ئۆزى ئىنتىزار بولغان مۇھەببەتنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ بەختلىك ياشاشقا ئىنتىلىدىغان مېھرىبان ئەر - خوتۇن باللىقتا قەلبىگە ئورنىغان ئازاب سەۋەبلىك يەنىلا خاتا قىلىپنى تەكرارلاشتىن ساقلىنالمىغان. بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەڭپۇڭسىز مۇئامىلىسى سەۋەبلىك ئاتا - ئاتا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلا ئەمەس، بەلكى قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقىمۇ تەسىر يېتىدۇ. بۇ دەل شۇ ئائىلىدە داۋاملىشىۋاتقان قىلىپ.



قەلب يارىسى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كەمچىللىكىدىن پەيدا بولىدۇ.
قەلب يارىسىنى داۋالاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا مېھىر ـ مۇھەببەتتۇر.

# ئازار بەرگۈچى ئەمەلىيەتتە ئەسلى ئازار يېگۈچى

. . . يەنە بىر قىسىم كىشلەر بار، ئۇلار دائىم دېگۈدەك باشقىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرىدۇ. مۇناسىۋەتنى يېقىنلىشىپ مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا دەرھاللا ئۆزىنى تارتىپ، ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى پەش قىلىدۇ. نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىسىز؟ دېگەن سوئالغا « مەن ھېچنېمە قىلمىدىم، مەندە مەسىلە يوق» دەيدۇ. يۇقىرىقى ئويۇننى ئويناۋاتقىنى مەيلى ئايال بولسۇن ياكى ئەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقىنىمۇ دەل كىچىك ۋاقتىدىكى ئويۇننىڭ داۋامى.

بۇنداق كىشلەرنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، تۆۋەندىكىدەك ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن: ئۇلار كىچىكلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ياكى ئىنى ـ سىڭىللىرى تۇغۇلۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى بۆلۈنگەن ۋە ياكى ئاتا ـ ئانىسى بىر ـ بىرىگە، شۇنداقلا باللىرىغا ئەسلىدىنلا مېھىر ـ مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان كىشلەر بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، دادىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە قانمىغان، تەسىرىنى كۆپ ھېس قىلالمىغان، ئەكسىچە ئانىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە دىققەت نەزىرى ۋە تەسىرى ئاستىدا ئۆسكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك، ئۇلار يېقىن مۇناسىۋەتكە باشقا ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا ئىنتىزار بولىدۇ (بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئەر ۋە ئاياللاردىكى ئىپادىسىدە پەرق بولىدۇ. يەنى

شــۇنداق تەســىراتى كۈچلــۈك ئەرلەر ئايــاللار بىــلەن ئــۆزۈن مەزگىلللىك مۇقىم مۇناسىۋەت ئورنىتىــشتىن قاچىــدۇ، ئايــاللار بولسا ئۆزىنى ئاسانلا باشقىلارنىڭ قوينىغا ئېتىش ئارقىلىق بالىلىقتىكى مېھىر ـ مۇھەببەتكە، بولۇپمۇ دادىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە بولغان ئېھتىياجىنى تولۇقلىماقچى بولىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار بالىلىقتىكى تەسىراتى سەۋەبلىك يېقىن مۇناسىۋەتتىن قاچىدۇ، قورقىدۇ. ئۇلاردا نورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز كېلىدۇ. تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار يېقىن كىشىلىرىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىدىن ياكى ئېتىبارسىز قالدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى تاشلاش ياكى ئۇلارغا چېك يېيىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى يەنە بىر قېتىملىق زەخمىدىن ساقلىماقچى بولىدۇ.

بالا بۇ دۇنياغا ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تۇغۇلىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئوزۇق قىلىدۇ، شۇنىڭغا قانسا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتى ھازىرلىنىپ، ھەقىقىي روھىي ساغلاملىققا ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭغا ئېرىشىش بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك تەس، چۈنكى ھېچقانداق ئادەم ئۆزىدە يوقنى بېرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا كىمدىن ئاغرىنىش كېرەك؟ بۇنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرسەك تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ يەردىكى مەقسەت، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتە قىلىش، ئۆز قىلمىشىغا باھانە ئىزدەش، دۆڭگەش، ئاغرىنىش ئەمەس، بەلكى ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئادىتىدىن شەكىللىنىپ قالغان تۇرمۇش قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلاشتۇر.

دۇنيادا مۇكەممەل، كەم ـ كوتىسىز ئادەم بولمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، مەيلى قانداق سەۋەبتىن بولسۇن، يېقىن ئادەملىرىگە ئازار بېرىش توغرا ئەمەس.



تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار يېقىن كىشىلىرىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىدىن ياكى ئېتىبارسىز قالدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى تاشلاش ياكى ئۇلارغا چىڭ يېپىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى يەنە بىر قېتىملىق زەخمىدىن ساقلىماقچى بولىدۇ.

# مەلۇم بىر خىل تەسىراتتىن قېچىش

ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلماسلىقى قارىماققا ئارىدا مۇھەببەتنىڭ سۇسلۇقىدىن بولۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. كۆپ ھاللاردا ئەر - خوتۇنلار ئارىدا مۇھەببەت قالمىغانلىق سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان مەلۇم بىر خىل تەسىراتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش سەۋەبىدىن ھەمراھىدىن ئۆزىنى سەزمىگەن ھالدا يىراقلىشىدۇ. ئېشەنمىسىڭىز ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى سۇس ياكى ئاجراشماقچى بولغان بىر جۈپتىن:
- نېمە سەۋەبتىن ئاجراشماقچى بولدىڭلار؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇنىڭدىن بىزار بولدۇم، دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ.
بۇ باھانىنىڭ كەينىدىكى مەزمۇنغا دىققەت قىلىپ باقايلى:
بۇ خىل ھېسسىيات قاچاندىن باشلاپ پەيدا بولغاندۇ؟ دېگەننى ئىنچىكىلەپ ئەسلەش ئارقىلىق بۇ خىل تەسىراتنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئۆزىدە بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك، ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلىشىشى كۆپ ھاللاردا قارشى تەرەپنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر خىل تەسىراتتىن قېچىش ياكى مەلۇم بىر خىل تەسىراتنى ئىزدەش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

مەسىلەن:

— «ئۆيدە تۇرسام ئىچىم سىقىلىپ كېتىدىكەن» دەپ قارايدىغانلار كىچىكىدە شۇنداق تەسىراتى كۈچلۈك كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بۇ نۇقتىنى ھېس قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشنى ئەمەس، قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ.



ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلىشىشى كۆپ ھاللاردا قارشى تەرەپنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر خىل تەسىراتتىن قېچىش ياكى مەلۇم بىر خىل تەسىراتنى ئىزدەش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

# بىر قىسىم ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ تەسىرى

ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىڭ كۆپ ھاللاردا كۆپ قاتلاملىق سەۋەبى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بالىلىقتىكى خاتىرىسى، تەسىراتى سەۋەبلىك ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى قانداق ئورنىتىشنى، داۋاملاشتۇرۇشنى بىلمەسلىكتىن باشقا، شۇ كىشى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي توپقا ئورتاق بولغان بىر قىسىم قاراشلارنىڭ تەسىرىمۇ بولىدۇ. تۆۋەندە تىلغا ئالغانلىرىم بەلكىم يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق، بۇ جەھەتتىكى تولۇقلاش، تۈزىتىش پىكرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

**بىرىنچى قاراش: «ئوغۇل بالا ئۆينىڭ ئادىمى، قىز بالا تالانىڭ ئادىمى» دېگەن بۇ قاراش بىزگە ناتونۇش ئەمەس.**

بۇ جۈملىگە قىزلارنى تۆۋەن كۆرۈش، ئوغۇللارنى ئەتىۋارلاش پىسخىكىسى يوشۇرۇنغان. بۇ خىل قاراشنىڭ شەكىللىنىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئىلگىرى قىزلار جىسمانىي قۇۋۋەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن ئائىلىدە ئېغىر ئەمگەكنىڭ ھۆددىسىدىن ئوغۇللارغا قارىغاندا كۆپ چىقالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋاقىتلاردا تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەمگەك قىلىش، تاماق يېيىش، يېتىپ ئۇخلاش بىلەنلا مەزمۇنلىنىدىغان بولغاچقا، قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنلا ئەرگە بېرىش ئارقىلىق ئائىلىدىكى بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئادىتى شەكىللەنگەن. يەنى قىزلارنىڭ ياخشى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكى، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىشنى خالاش ـ

خالىماسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان.

بۇ قاراشنىڭ بوگۇنكى نىكاھ تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىسى:

بىر ئايال ناۋادا يولدىشىنىڭ ئۆيگە كىرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ كاللىسىغا ئالدى بىلەن كېلىدىغىنى، ھەتتا ئاغزىدىن چىقىدىغىنى«ئۆيدىن نېمە سەۋەبتىن قاچىدۇ. سىزدىن قانداق سەۋەنلىك ئۆتۈلگەن» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

كۆپ ھاللاردا ئاياللار ئەرلەردىن كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلسا ئۇلار ھەيران قالىدۇ. «سىز ئاچ - يالىڭاچ قالمىدىڭىز، نېمىشقا رازى بولمايسىز؟» دەيدۇ. ئايالنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياجى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ.

ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا ئايالىدىن قوسۇر ئىزدەپ، ئايالىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەنى «سىز بەكلا ئورۇق، سىز بەكلا سېمىز، ماڭا ئوغۇل تۇغۇپ بەرمىدىڭىز، سىزنىڭ دىتىڭىز يوق،...» دېگەنگە ئوخشاش. شۇ خىل ئۇششاق گەپ - سۆزلەر سەۋەبىدىن، ئايالنىڭ قەلبى ئازار يەيدىغانلىقىنى ئەرلەر خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. شۇنداق گەپ -سۆزلەرنى ئاياللار ئەرلەرگە دېسىچۇ، ئەرلەر بىئارام بولماي قالارما؟ بىراق، شۇ گەپلەرنى ئاياللار ئاڭلىغان ۋاقىتتا ئۆزىدىنمۇ بەكرەك بىئارام بولىدىغانلىقىنى ئەرلەر ئويلاپ كەتمەيدۇ. بىر قىسىم ئەرلەر ئوچۇق - ئاشكارا «ئىككىنچى خوتۇن ئېلىپ بەر» ياكى «سىرتتىكى شۇنداق ئىشلىرىمنى قوللاپ بەر» ۋە ياكى «كۆزۈڭنى يۇمۇۋال» دەيدۇ. شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئاياللارنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئەرلەر خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ناۋادا ئاياللار ئەرلەردىن نارازى بولۇپ ياكى رازى بولماي ئۆز ئارزۇسىدىكىدەك كىشىنى ئىزدىسىچۇ؟ بۇنى ھېچكىم قوبۇل قىلالمايدۇ. نېمە سەۋەبتىن قوبۇل قىلالمايدۇ؟ ئەرلەر شۇ

سەۋەبتىن نوپۇزىمىزغا، ئىززەت ـ ئابرۇيىمىزغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا، قىزلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى يوقمۇ، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ئازار يېمەمدۇ؟

**ئىككىنچى قاراش: «ئانىنى يۇدۇپ ھەرەمگە ئاپارسىمۇ، بەرگەن سۈتىنى ئاقلاپ بولالمايدۇ»**

بۇ كىشىلەرنى مېھرىبانلىققا ئۈندەيدىغان، ۋاپادارلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان قاراش. مەن بۇ قاراشنى خاتا دېمەكچى ئەمەس. بىراق، شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بۇ قاراشقا ئاتا ـ ئانا بىلەن باللارنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئىدىيەسى سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ئەمەلىيەتتە، پسىخىكىلىق تەرەققىيات نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، بالىنىڭ ئانا تېنىدىن تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزى مۇستەقىل بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئالغانلىق بولىدۇ. بالا ئۆسۈپ قۇرامىغا يەتكۈچە روھىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇشقا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىش ئارقىلىق مۇستەقىل يېڭى ئائىلە قۇرۇشقا ئاساس سالىدۇ. يەنى بالا قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن يېڭى ئائىلە قۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەسلىدىكى چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ياشايدۇ. بىراق، رېئاللىقتا بالىسىنىڭ ئايرىم ئائىلە قۇرغانلىقىنى قوبۇل قىلماي، تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئاتا ـ ئانىلار بار، ھەتتا پسىخىكا جەھەتتە مۇستەقىل بولۇشنى تاماملىيالمىغان بىر قىسىم بالىلار نىكاھ تۇرمۇشىغا ئاتا ـ ئانىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، نىكاھ بەختىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتى تەسىرگە ئۇچراپلا قالماي، ئەر ـ خوتۇن بىلەن ئاتا ـ ئانىلار، قېيىنئانا، قېيىنئاتىلار مۇناسىۋىتىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغان، مەسىلەن، ئالغان خوتۇن ئوغۇلنىڭ ئۆرۈق ـ تۇغقانلىرىغا

يارىماي قويىدۇرۇۋېتىدىغان، تەگكەن ئېرىنى قىزنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ياراتماي مۇناسىۋىتىنى يېرىكلەشتۈرىدىغان، بالامنى بېقىپ بەرمىدى ياكى بىزگە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلمىدى، دەپ ئاغرىنىدىغان... ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بۇلار قارىماققا كىچىك ئىشتەك قىلغان بىلەن نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بەخت تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

بۇ قاراشنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئاتا - ئانىغا مېھرىبانلىق قىلىشنى چەتكە قاقماقچى ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يېسىخىكا جەھەتتىن ئايرىلىپ چىقىش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى بىر قىسىم كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

**ئۈچىنچى قاراش: «ئەرنىڭ دېگىنى دېگەن...»**

مەن ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى نوپۇزىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس، بىراق بۇنداق قاراش ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان دەرىجىگە يەتكەندە دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم ئاياللار شۇ قاراشنىڭ تەسىرىدە نىكاھ تۇرمۇشىدا ئۆز ھېسسىياتىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلمەيدۇ، ھەتتا ئەرنىڭ بىر قىسىم يولسىزلىقلىرىغىمۇ سۈكۈت قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نىكاھ تۇرمۇشىدىكى خۇشاللىق ئازلاپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپ داۋاملىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، يەنە بىر تەرەپ ئىزچىل تۆۋەن ئورۇندا تۇرسا، بۇ خىل مۇناسىۋەتتە تەڭپۇڭلۇق بولمايدۇ. تەڭپۇڭلۇق بولمىغان ئىكەن، بەخت ۋە خۇشاللىق كەمچىل بولىدۇ. بەخت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىشنى ھەرقانداق ئادەم ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق تۇرمۇش كۆرۈنۈشتە مۇقىم،

خاتىرجەم بولسىمۇ، ئەمما نىكاھ مۇناسىۋىتىدە سوغۇق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ.

نىكاھ تۇرمۇشىدا زىددىيەت، ئۇقۇشماسلىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىر - بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق زىددىيەتنى يېشىپ، تۇرمۇشنى داۋام ئەتمەي، بىر تەرەپ نارازىلىقنى ئىچىگە يۇتۇۋەرسە، زىددىيەت توپلىنىپ، يېشىش تەس تۈگۈنگە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق نىكاھنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس.

**تۆتىنچى قاراش: «بالا مەيلى قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسۇن، ئاتا - ئانىنىڭ نەزىرىدە يەنىلا بالا»**

بىز ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىمىز، بىراق بۇ قاراش سەۋەبلىك بىر تۈركۈم ئۆزى چوڭ بولسىمۇ، ئەقلى چوڭ بولمايدىغان بالىلار يېتىشىپ چىقىدۇ. يەنى، نىكاھلىنىپ بىر ئۆيگە باش بولغاندىمۇ، كىچىككىنە زىددىيەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي، باتناپ ئۆيدىن قاچىدىغان ياكى تاشلاپ <del>چىقىپ</del> كېتىدىغان ئىشلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، باتناش، مەسىلىگە يولۇققاندا چوڭلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش كىچىك بالىلارنىڭ ئىشى. سىز ئەتراپىڭىزدىكى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولسىڭىز، جىسمانىي جەھەتتە چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئەقلى چوڭ بولمىغانلارنى كۆرىسىز. بۇنداق كىشىلەر بىزدە بەك كۆپ. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، ئاتا - ئانا خاتىرجەم بولالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر نىكاھلانسا نىكاھى مۇقىم بولمايدۇ.

شۇنداق بالىلارنى يېتىشتۇرۇۋاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەڭ كۆپ دەيدىغان سۆزىدىن بىرقانچە جۈملىنى مىسال ئالاي:

ــ بـــالام دىقـــقەت قىلغىـــن. يامـــان بـــالىلار بـــوزەك قىلىۋالمىسۇن.

ــ بالام سەن تېخى كىچىك، مەن قىلىپ بېرەي.

ــ بالام بىلىپ قالمىسۇن، تېخى كىچىك ئەمەسمۇ!

ــ بۇ بـالا بۇنـداق ئىـشلارنى قانـداقمۇ قىلالىـسۇن. بولـدى ئۆزۈملا قىلاي...

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سـۆزلەر ئـارقىلىق بالىنىـڭ ئەتراپىـدا يـۈز بېرىۋاتقـان ئىـشلارغا ئارىلىـشىش، دىقـقەت قىلىـش، شـۇ ئارقىلىق توغرا ـ خاتانى ئايرىش، ئـائىلىگە نىـسبەتەن مەلـۇم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، شۇ ئـارقىلىق زىـددىيەتكە يۈزلىنىش، ھەل قىلىش ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بالىغـا ھەددىـدىن زىيـادە كۆيۈنىـدىغان، ئايايـدىغان ئاتـا ـ ئـانىلار بالىلىرىنىـڭ مۇسـتەقىل ياشـاش ئىقتىـدارىنى ئۆزلىرىنىـڭ تارتىۋالغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ.

**بەشـــىنچى قـاراش: «قاغـا بـالام ئاپئـاق، كـىرپە بـالام يۇمشاق»**

بـۇ جۈملىـدىن ئاتـا ـ ئانىنىـڭ بالىـغا بولـغان چەكـسىز مېھىـر ـ مـۇھەببىتىنى ھـېس قىلىـۋالغىلى بولىـدۇ. بۇنـداق مۇناسـىۋەتكە يەنە بىـر كىـشىنىڭ قىـستۇرۇلمىقى تەس. مەسـىلە دەل مۇشۇ يەردە، چۈنكى بۇنداق قاراش كۈچلۈك ئائىلىـدە ئاتـا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ دېگىنى، قىلغىنـى خاتـا بولـسۇن ياكى تـوغرا بولـسۇن، بـالا تەرەپـتە تۇرىـدۇ. بالىغـا بولغـان تـوغرا يېتـتەكلەش كەمچىـــل بولغاچقـــا، بالىـــدا باشـــقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى بەك ئويلاپ كەتمەيدىغان، ئۆزىنىڭكىنىلا تـوغرا دەپ تۇرىۋالىدىغان مىجەز يېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇنـداق ئەھـۋالنىش، ئاسـرىلىش ئىچىـدە بـالا «ياغنىـڭ ئىچىدىكى بۆرەك» تەك ئۆسۈشى مۇمكىن. بىراق، ئاتـا ـ ئانـا

بولغۇچى بالىنىڭ مۇستەقىللىق روھىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قاراپ قارىغۇلارچە ئەتىۋارلىغاندا، ئاسرىغاندا، قۇرامىغا يېتىپ يېگى ئائىلە قۇرغاندا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدە پەيدا بولىدىغان سۈركىلىش، زىددىيەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماي، نىكاھ تۇرمۇشىنى ئاسانلا بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەن ئىدىيە ئىچىدە چوڭ بولغان بالا نىكاھتىكى ھەمراھىدىنمۇ شۇ خىل مۇئامىلىنى كۈتۈشتىن ساقلىنالمايدۇ. نىكاھتىكى ھەمراھى ئۇ تەلەپ قىلغاننى بېرەلىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇمۇ نىكاھتىكى ھەمراھىدىن كۆيۈنۈش، مېھىر - مۇھەببەت تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، شۇ خىل ئىدىيە ئىچىدە چوڭ بولغان بالا كۆپ ھاللاردا باشقىلاردىن مېھىر - مۇھەببەت ئېلىشقا ئادەتلىنىپ، بېرىشكە ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا، بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ توي قىلغان بىر جۈپلەرنىڭمۇ مۇناسىۋىتى شۇ سەۋەبلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت نىكاھنىڭ تۈنجى باسقۇچىدىلا، يەنى نىكاھلانغاندىن كېيىنكى بىر - بىرىگە ماسلىشىش باسقۇچىدىلا ئاشكارىلىنىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق ئىدىيە كۈچلۈك ئائىلىلەردە ئاتا - ئانا بىلەن بالىنىڭ روھىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقنى تاماملىشى تەسكە توختايدۇ. يەنى ئاتا - ئانا دائىم بالىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئەنسىرەپ ئارىلاشقۇسى كېلىپ تۇرىدۇ. بالىمۇ ئاتا - ئانىنى ئەڭ چوڭ يۆلەنچۈكۈم، دەپ ھەممە ئىشقا ئارىلاشتۇرىدۇ. يەنى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى مۇستەقىل داۋاملاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، ئاتا - ئانىسىنى ئۆزى بىلىپ، بىلمەي نىكاھ تۇرمۇشىغا قىستۇرۇۋالىدۇ.

روھىي جەھەتتىكى ئايرىلىشنى تاماملىيالمىغان ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگۈچىنىڭ شۇ ئائىلىگە سىغىشى تەس.

چۈنكى، ئانا كېلىنىنى ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسى، بالىسىنىڭ دۈشمىنى قاتارىدا ئويلىشىپ، بالىسىنى قوغدىماقچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا دائىملا ئايالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە دەرس ئۆتىدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئانىسى بىلەن روھىي جەھەتتىكى بېقىندىلىقنى تاماملىمىغان بالىنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل بولۇپلا قالماي، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمۇ كەمچىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەن ئاساستا ئىدىيەسىنى توغرىلاپ، ئايالىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ئىككىلا تەرەپكە مېھىر - مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرۇشى تەسكە توختايدۇ. بۇنداق نىكاھتا بەخت تۇيغۇسى كەمچىل بولىدۇ. ئەر - خوتۇنلا ئەمەس، ھەتتا بالىلارمۇ سوغۇق ئائىلە مۇناسىۋىتىدە ياشايدۇ.

نورمال ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرمۇشىدىن چىقىپ مۇستەقىل تۇرمۇش بەرپا قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلالايدۇ. بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتىنى تۇسالغۇسىز ئىپادىلىيەلەيدۇ، قېيىنئانا - قېيىنئاتىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا قورۇنۇش ھېس قىلماي، ئۇلارغا ئەركىن مۇئامىلە قىلالايدۇ. بالىلىرىمۇ شۇنداق مېھىر - مۇھەببەتلىك ئائىلە مۇھىتى ئىچىدە نورمال ئۆسۈپ چوڭ بولالايدۇ.



تۇرمۇش ئادىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى تۈرلۈك تەسىرات، سەرگۈزەشتىلەر بولۇپلا قالماي، شۇ كىشى ياشاۋاتقان توپنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر قىسىم قاراشلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ.

# خاتا تۇيغۇ

كۆپ قىسىم ئەر - خوتۇنلار ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى كاللىسىنى خاتا تۇيغۇ قاپلىۋالغانلىق سەۋەبىدىن بىر - بىرىدىن يىراقلىشىدۇ.

**بىرىنچى خىل خاتا تۇيغۇ: «باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم»**

كىچىكىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە باشقۇرۇشى، قانات ئاستىغا ئېلىشى، كارى بولماسلىقى ياكى كىچىكىدە ئاتا - ئانا ئىككىسىدىن بىرى تاشلاپ كېتىپ ۋە ياكى تۇغەپ كېتىپ يىغىكىسىدا «يېقىن ئادەملىرىم تاشلاپ كېتىپ قالارمىكىن» دېگەنىدەك ئەندىشىسى كۈچلۈك كىشىلەر بالىلىقتىكى مېھىر - مۇھەببەتكە بولغان كۈچلۈك تەشنالىقى سەۋەبلىك ئاسانلا باشقىلارغا يېقىنلىشىدۇ. بىراق بالىلىقتىكى تەسىراتى سەۋەبلىك يېقىنلىشىدۇ - يۇ، مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن قورقىدۇ. مۇناسىۋەتنى يەنە بىر بالداق يېقىنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆزىنى تارتىدۇ - دە، يەنە ئارقىدىن ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. پەقەت «ئۇنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدىم. باشقىلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بالىلىقتىكى تەسىراتى سەۋەبلىك قەلب دېرىزىسىنى ئاچالمايدۇ. بۇنىڭغا بىر مىسال

ئالساق :

يىگىت كىچىكىدە ئانىسى تۇگەپ كېتىپ دادىسىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆيلىنىشى سەۋەبلىك بىرقانچە ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولىدۇ. ئۇ ئانىسىدىن كىچىك قالغان بولغاچقا، ئۆگەي ئانىلىرىنى «ئانا» دەپ چاقىرىپ ئادەتلىنىدۇ. بىراق بۇ ئانىلار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن توختىماي ئويىبىكت ئالماشتۇرىدۇ. بىرى بىلەن ئۇزاق بىرگە ئۆتەلمەيدۇ.

بۇنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ توختىماي ئويىبىكت ئالماشتۇرۇشى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقتىن بولماستىن، بەلكى يەنە تاشلىنىپ قېلىشتىن قورقۇش سەۋەبىدىن بولغان. بۇ دەل ئۇنىڭ بالىلىقتىكى تەسىراتى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان. يەنى بىر خىل ئېھتىماللىق بولۇشمۇ مۇمكىن، يەنى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ خىيالىدا بىر ئانىنىڭ ياكى دادىنىڭ غايىۋانە ئوبرازى بولىدۇ، بۇ ئوبراز بەزىلەرنىڭ ھەقىقىي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوبرازىغا يېقىن كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقىغا ئوخشاش تاشلىنىپ قېلىش، ئېتىبارسىز قېلىش تەسىراتى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوبرازى بىلەن رېئاللىقتىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوبرازى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاڭسىز ھالدا جورا تاللىغاندا خىيالىدىكى شۇ ئوبرازغا يېقىنلىشىدىغان ئادەمنى ئىزدەيدۇ. رېئاللىقتا، خىيالىدىكى ئوبرازنىڭ ئۇنچە ئاسان تېپىلمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئەڭ ئالدى بىلەن تارتىدىغىنى رېئاللىقتىكى ئاتا ـ ئانىسىغا يېقىن كېلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ.

چۈنكى، ئادەمنىڭ كۆزى ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئەڭ تونۇش

ئوبيېكتنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق كىشىلەر توختىماي ئوبيېكت ئالماشتۇرىدۇ ھەم ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى «ياخشى كۆردۈم» ياكى «ياخشى كۆرمىدىم» دەپلا تونۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ. بۇنى ئۇلار ھەقىقىي ھېس قىلمىغۇچە، شۇنداقلا ئۆزىدىكى مەسىلىنى تونۇپ يەتمىگۈچە يۈقىرىقىدەك روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇشى تەسكە توختايدۇ.

**ئىككىنچى خىل خاتا تۇيغۇ: «ئۇنىڭ ئالدىدا ئوبرازىمغا دىققەت قىلمىسام بولمايدۇ»**

تۇرمۇشتا ئىبغىر ـ بىسىق، كۆتۈرۈشلۈك كىشىلەر ھەمراھىنىڭ ئىبغىرنى كۆتۈرىدۇ. ھەتتا ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىنى كۆلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. تۇرمۇشتا كۆتۈرۈش تەس كېلىدىغان بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مۇكەممەل كۆرۈنىدۇ. بىراق، شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتنى ئاشكارىلىنىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغانلار چىقىدۇ. مەسىلەن، تۇرمۇشتا ئىزچىل ئايالىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ياشاۋاتقان ئەر باشقا ئاياللار بىلەن يوشۇرۇنچە ئالاقە قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىسەن، پىكرىڭ بولسا ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ، دەپ سورىغاندا «سەن گېپىمنى قاچان ئاڭلاپ باققان؟ سەن ئەزەلدىن ماڭا يول قويۇپ باقمىغان» دېگەن گەپنى قىلغان. كۆڭلىدىكى گەپنى دېيەلمەي ھەممە گەپنى ئىچىگە يۇتىدىغان ئەر ئەلۋەتتە پۇرسەت بولسا گېپىنى قىلسا ئاڭلايدىغان ياكى ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشالايدىغان ئادەمنى ئىزدەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ھەمراھىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەن «بىز پەقەت ۋارقىرىشىپ قالمايمىز ھەم

ئۇرۇشمايمىز» دېگەنلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىگە بولغان نارازىلىقىنى قورسىقىغا سولاپ، يەتكۈچە ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق، دەل نىكاھتىكى بەخت تۇيغۇسىنى قىرقىيدىغان خەتەرلىك تۇرمۇش شەكلى.

ئەمەلىيەتتە نىكاھ تۇرمۇشىدا ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولغاندا، شۇ سەۋەبلىك ئانچە - مۇنچە جېدەللىشىپ قېلىش نورمال ئىش. نورمال بولمىغىنى شۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ، بىر - بىرىگە مېھمانغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش.

**ئۈچىنچى خىل خاتا تۇيغۇ: «رېئاللىقنى بەربىر ئۆزگەرتەلمەيمەن»**

بۇنداق ئەھۋال ئائىلىلەردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئائىلىلار نىكاھ تۇرمۇشىدا ھەمراھىدىن نارازى بولۇپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ يېتەرلىك دەرىجىدىكى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىگەندە، سىرتتىكى مەلۇم بىر خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى ئېتىبارغا ئېلىنماسلىق ھېسسىياتىدىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ، يەنى نىكاھتىكى بېسىمدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ قۇتۇلماقچى بولىدۇ. مەسىلەن، تۇنجى نىكاھى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان ئايال ئىككىنچى قېتىم قايتا نىكاھلىنىدۇ. بىراق ئىككىنچى نىكاھىدا بىرىنچى نىكاھىغا سېلىشتۇرغاندا بېسىم تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. يەنى ئۆگەي بالىسىنى بېقىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئۇقۇشماسلىق، يولدىشىنىڭ شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنى چۈشەنمەسلىكى، ئۆزىنىڭ بالىسىنى سېغىنىشى، ئىككىسىنىڭ بالىسىغا ئېغىر ئاياغ بولۇپ تۇغۇش ۋە بۇ بالىلارغا قاراش جەريانىدا روھىي جەھەتتە قاتتىق چارچاش سەۋەبىدىن ئۇ ئايال «ماڭا دەخلى قىلىدىغان

ھېچقانداق ئادەم بولمىغان بىر جايغا بېرىپ قالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى» دېگەن ئويغا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق ئەھۋالدا شۇنداق تۇيغۇ بېرىدىغان بىرىگە يولۇققاندا ئاسانلا ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتە بېقىنىپ قېلىشى ياكى ئۇنى ئۆزىگە يېقىن ھېس قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان نەرسە توختىماي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى توغرا ئۇسۇلنى تېپىش. يەنى ئۆز ھېسسىياتىنى سۆيىدىغان كىشىدىن يوشۇرماي ئېيتىش، چۈشىنىشى، ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش، شۇنداق قىلغاندىلا، ناچار تۇرمۇش قېلىپىغا كىرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

**تۆتىنچى خىل خاتا تۇيغۇ: «ئۇ مېنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ»**

ئەتراپىغا قارىسا ھەممە كىشى جەمئىيەتتە ئورنىنى تاپقاندەك، پەقەت ئۆزىلا ھېچ ئىشنى باشقا ئەپچىقالمىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولغاندا ئادەمنىڭ ئىچى پۇشىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بىرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە موھتاج بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يات جىنسنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق مىساللار بەك كۆپ.

باشقىلارنىڭ نەزىرىدە قىلغىنىغا يارىشا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشەلمىگەن ياكى ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىدىن رازى بولمىغان بىر كىشى ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بىرىنى ئۇچرىتىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن جىنس مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بىر - بىرىدىن روھىي جەھەتتە تەسەللىگە ئېرىشىش.

بەشىنچى خىل خاتا تونۇش: «ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇھىم ئەمەس»

بىر ئايال ماڭا: «يولدىشىم ئاخىر كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىي مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن» دېگەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنىڭ ئاچچىقىدا دېگەن گەپلىرىنى ئانچە بەك ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. شۇ گەپنىڭ نېمە سەۋەبتىن دېيىلگەنلىكىنى تەھلىل قىلسىلا، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يوقلۇقىنى بىلەلەيدۇ. بۇ يەردىكى خاتالىق شۇكى، ئۇ كىشى ئۆز نىكاھىدىكى ھەمراھىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۆزى سۆيىدىغان كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئازار يەيدىغانلىقىنى بىلمىگەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنى سۆيىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. بۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلىدىغانلار بەك كۆپ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئازار يېگۈچى تەرەپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. بىراق، ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، «بىز مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتلاردا ئۇ ياخشى كۆرگەنلىكى سەۋەبىدىن مېنى تاللىغان» دېگەننى ئويلىسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇڭدىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىئارام بولغانلىقىنى، «مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ» دەپ قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى بىلدۈرسە، شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ غېمىگە ئورتاقلاشسا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى ئەينەن ئىپادىلەش بەك مۇھىم. ئەلۋەتتە، نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ھەمراھىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى ئويلانمايلا ئېيتىدىغان، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئازار بېرىدىغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا نىكاھ بەختىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى

سۈرۈشتۈرسەك ئۇلار ئەسلىدە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا شۇنداق مۇئامىلىگە كۆپرەك ئۇچرىغان.

ئادەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ھەمراھىدىن بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلالىسا، ۋۇجۇدىدىكى يامان سۈپەتلىك تۇرمۇش قېلىپى ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەكسىچە ئەھۋالدا، نىكاھ تۇرمۇشىدا سەگەك بولمىسا ئاسانلا خاتا تۇيغۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. ئەلۋەتتە خاتا تۇيغۇ سەۋەبلىك ھەممىلا ئەر ـ خوتۇننىڭ نىكاھ تۇرمۇشى بۇزۇلۇشى ناتايىن. بىراق، خاتا تۇيغۇ سەۋەبلىك نىكاھتىكى بەخت تۇيغۇسىغا تەسىر يەتمەي قالمايدۇ.

ئۇنداقتا، دەسلەپكى گېپىمىزگە قايتساق، قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرالمايۋاتقان كىشىلەر سەۋەبلىكنى قارشى تەرەپتىن ئىزدەشنى توختىتىپ، ئۆزىنى ئاختۇرۇپ باقسا بولىدۇ. شۇنداق قىلسا نىكاھتىكى بەخت تۇيغۇسىنى قىرقىيدىغان قېلىپنى تېپىپ چىقالىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى مەقسەت، بىر ـ بىرىنىڭ چاۋىسىنى يېيىش ئەمەس، شۇنداق يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز ھەرىكىتىنى، ئۆزىنى چۈشىنىشتۇر. ئەلۋەتتە، ئائىلە شەجەرىسىنى ئاختۇرۇپ، بىرقانچە ئەۋلادنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى فورمۇلانى يېزىپ چىقىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. مەسىلىگە يۈزلىنىشكە، ئېتىراپ قىلىشقا، چۈشىنىشكە، كەچۈرۈش، بىر ـ بىرىگە باغرىنى بېرىشتەك جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.



كۆپ قىسىم ئەر - خوتۇنلار ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى كاللىسىنى خاتا تۇيغۇ قاپلىۋالغانلىق سەۋەبىدىن بىر - بىرىدىن يىراقلىشىدۇ.

# سوغۇق مۇناسىۋەت

مەن يۇقىرىدا نىكاھ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار ئۈستىدە توختىلىپ، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى، پەرزەنتلەرگە، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتكە، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىنىڭ تۇرمۇش قىلىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە توختالدىم. تۆۋەندە نىكاھ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل ئەر - خوتۇنلارنىڭ سوغۇق مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن تۇرمۇش قىلىشىنىڭ تەسىرى، زىيىنى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

...

يېقىندا سوغۇق نىكاھ مۇناسىۋىتى ئىچىدە كۈنلىرىنى ئاران - ئاران ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر ئايال بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ ئايالنىڭ چىراي تۇرقى قاملاشقان بولۇپلا قالماي، ئائىلە ئىشىغا پىششىق، بالا تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىمدىمۇ توشقان... ئىشقىلىپ مېنىڭ نەزىرىمدە ئەرلەرنىڭ ئارزۇسىدىكى ئايال ئىدى. ئۇ ئايال ماڭا شۇنداق سوئال قويدى. مەن «ئاياللىققا قايتىش» ناملىق كىتابىڭىزدا تىلغا ئالغاندەك ئاياللىق خاراكتېرى كۈچلۈك، ئەرنى قانداق كۈتۈشنى بىلىدىغان ھەمدە كەم يەرلىرىمنى داۋاملىق تولۇقلاپ، ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئايال. بىراق، مەن يېقىندا ئاجراشماقچى. سەۋەبى، شۇنچە يىلدىن بۇيان پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئائىلەم ئۈچۈن ئەجىر قىلدىم. بىراق، ئېرىشكىنىم ئۈستى -

ئۇستىلەپ ئازار، كۆڭۈل ئاغرىقى بولدى. بۇ ئائىلىدىن مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىدىم. سىزنىڭچە، مېنىڭ مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشىش، ئۇنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقۇم يوقمۇ؟ يولدىشىمنىڭ كۆندە كۆپ بولغاندا بەش مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، ئۇ ئۇنىمايدۇ. سىزنىڭچە، مەن ۋاقىت ئاجرىتىشىغىمۇ ئەرزىمەمدىم؟

ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئايال ئىدىكى، چىرايلىق يوغان كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بەخت، خۇشاللىققا ئېرىشىش ھوقۇقى بار. سىزگە قانداق ياردىمىم كېرەك؟

ئۇ ئايال شۇنداق دېدى :

— ھازىرغىچە ئەتراپىمدىكى بىرقانچە يېقىنلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ دەردىنى ئېيتتىم. بىراق، ئۇلاردىن ئېرىشكىنىم «سەن ئىلىمدە تولغان ئايال. سەۋر قىل» دېگەن سۆز بولدى. سىزدىن سوراپ باقاي: زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ يۈرىكىم سىقىلىپ، تۇرۇپ - تۇرۇپ تىنالماي قالىمەن، قانداق قىلىشنى بىلمىدىم.

ئېنىقكى، ئۇ ئايال كۆڭلىدە تاللىغان يولىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى جەزم قىلالماي، مېنىڭ ئاغزىم ئارقىلىق دەلىللەشنى ئويلىغانىدى.

— ئۆزىڭىز قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ دەپ سورىدىم مەن.

— يولدىشىملا ئەمەس، قېيىنئانام، قېيىنئاتاملارمۇ ماڭا روھىي جەھەتتە ئازار بېرىدۇ. روھىي جەھەتتىكى خارلاش، چەتكە قېقىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتىمەن. سەۋر قىلىپ ھاياتىمنى مۇشۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ، شۇڭا ئاجرىشاي دەيمەن.

## سوغۇق مۇناسىۋەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان كۆپ قىسىم ئائىلىلەردىكى ئوخشاپ قالىدىغان رېئاللىق

ئېسىمنى بىلسەم، دادام ئانامنى ئۇرمىغان بىلەن ھەيۋە قىلىپ قورقىتاتتى، سېسىق گەپ قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بېرەتتى. چوڭ ئانام ئاپامنى تىللايتتى، ھەتتا تىلىنىڭ زەھەرلىكىدىن ئاپامنىڭ يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولۇپ، يىغلايتتى. دادامغا دەرد ئېيتسا «ئاپامدىن نارازى بولۇشقا پېتىنىۋاتامسەن» دەپ، ئاپامنى تىللاپ، ئۇستىلەپ ئازار بېرەتتى. ئاپام دەردىنى بىزگە ئېيتاتتى. بىز بىللە يىغلايتتۇق، يۈرىكىمىز قان بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن، بىز چوڭ ئانىمىزنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتۇق. ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمىزنى بىلىۋالغاندەكلا چوڭ ئانامۇ بىزنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئانام پات - پات ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئاكا - سىڭىللىرىم ئاپام بىلەن كېتەتتى. مېنى «ياۋاش، ئىشىمغا سالىمەن» دەمدىكىن، چوڭ ئانام زورمۇزور ئېلىپ قالاتتى. ئاپام كەتكەندىن كېيىن، چوڭ ئانامنىڭ زۇلمىغا مەن قالاتتىم. پۈتۈن ئىشنى قىلغاننى ئاز دەپ، گەپنىڭ سېسىقىنى ئاڭلايتتىم. «سېسىق ساخلاندى» دېگەنگە ئوخشاش، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ سېسىق گەپنى كۈندە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇراتتىم. مېنىڭ ھەيران بولىدىغىنىم، مەن ئۇنىڭ نەۋرىسى تۇرسام، نېمىشقا ماڭا دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ؟ ئاپامۇ كېلىنى تۇرسا، نېمە سەۋەبتىن دىلىغا ئازار بېرىپ يامانلىتىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشكە مەجبۇر قىلىدىغاندۇ؟

ئاپام ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. بىلىمىنى باشقىلاردىن ئايىمايتتى. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بىزنىڭ كۆڭلىرىمىز خاتىرجەمسىزلىك، كۆڭۈل ئاغرىقى ئىچىدە ئۆتسىمۇ، ياخشى ئىلىم ۋە خۇلۇقنى ئۆزىمىزگە يۇقتۇرۇپ، ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان پەرزەنتلەردىن بولۇپ چوڭ بولدۇق. مەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاتا - ئانام بىر تونۇشىنىڭ ئوغلى بىلەن تويۇمنى قىلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ھازىرقى ئېرىمنى بىر كۆرگىنىمنى بىلىمەن، تويۇم بولدى. تۇنجى يولدىشىم بولغاچقىمۇ ياكى «يولدىشىم بولغاندىن كېيىن ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلىغانلىقىم سەۋەبىدىنمىكىن، تويدىن كېيىن يولدىشىمنى شۇنداق ياخشى كۆردۇم. يولدىشىممۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى.

بىراق، بۇ تۇرمۇش ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. بىز چوڭلار بىلەن بىللە تۇراتتۇق. قېيىنئانام مېنى ئۆزى تاللاپ ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، تويدىن كېيىن مېنى پەقەتلا ياخشى كۆرمىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر دائىم يولدىشىمغا يامان گېپىمنى قىلاتتى، ماڭا كۆتۈرۈپ بولالمىغۇدەك يۈكنى ئارتىپ قوياتتى. يولدىشىم بولغان ئادەم ھالىمنى سورىماي، ماڭا تەتۈر قارايتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يولدىشىمنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇ ئىشلار بىلىنمىدى، بەزىدە يولدىشىمغا دەرد ئېيتتىم. بىراق، يولدىشىم ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاپىسى تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن يولدىشىمغىمۇ دېمەس بولدۇم. يېڭى توي قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا لازىمەتلىكلەرنى ئۆيگە يولدىشىم ئېلىپ كىرەتتى، كېيىنچە قېيىنئانام «خوتۇن كىشى قىلىدىغان ئىشنى قىلىدىغان بولساڭ، سەندىن ئانا - بالىلىقتىن كېچىپ كېتىمەن» دېگەچكە، ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق بولۇپ قالدى.

## ئازابلىق كۈنلەرنىڭ چېكى يوق

كېيىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدۇق. مەن ئېغىر ئاياغ ئىدىم. بىر كۈنى قېيىنئانام ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ «ماڭا ھەمراھ بولۇپ بازار چۆرگىلىشىپ بېرىڭ» دەپ ئارقىسىغا سېلىۋالدى. ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈچە چۆرگۈلەتتى. قىزلىرىغا نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ، ماڭا بەش كويلۇق بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە چىدىمىدى. ھەتتا «سىز قانچە كۆپ ماڭسىڭىز شۇنچە پايدىلىق، مېڭىپ بېرىڭ» دەپ مېنى پىيادە قويغان ۋاقىتلىرىمۇ كۆپ بولغان. كۆپ قېتىم ئانامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتىم. ئاجرىشىش ھەققىدە گەپ بولسىلا، ئارىغا ئادەم سېلىپ يول قويمايدۇ. ئۇ ئائىلىدە مېنى ئايالىدەك، كېلىنىدەك ياخشى كۆرىدىغان ئادەم يوق. بۇ دەردلىرىمنى ئېيتسام تۈگىمەيدۇ.

ـ شۇ كۈنلەردە قانچىلىك ئازابلانغانسىز ـ ھە! يولدىشىڭىزدىن كۆڭلىڭىز ئاغرىغان ئىشلار ئىچىدە قايسىسى ھەممىدىن بەك ئېسىڭىزدىن چىقمايدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

مەلۇم بىر يىلى گۇاڭجۇۋ شەھىرىدە يولدىشىمنىڭ تىجارەت ئىشى بىلەن تۇرۇپ قالدۇق. مەن ئۇ يەردە ھەممىدىن خەۋەرسىز، ھېچ كىشىنىمۇ تونۇمايمەن. ئۇ سەھەردە چىقىپ كېتىپ كېچىدە كېلىدۇ، كۈن ـ كۈنلەپ ماڭا گەپ قىلمايدۇ. بىر كۈنى تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا چىقتىم. دوختۇر ماڭا ئاسما ئوكۇل سېلىپ قويۇپ: «يېنىڭىزدا ئادەم تۇرسۇن، بۇ ئوكۇلنىڭ خەتىرى بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يولدىشىمغا خەۋەر قىلدىم. قورسىقىم ئېچىپ كەتكەچكىمۇ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ساق ئىككى سائەت ئۆتكەندە كەلدى. كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولغانلىقىدىن يۈرىكىم سىقىلىپ،

تىنىقىم توختاپ قالىدىغاندەك ئارامسىزلاندىم. قارىغاندا ئىنسانىنىڭ تىنىقىنىڭ توختىمىقى ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ.

قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ كەچتە دوختۇرخانىغا بارىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇ مەن بىلەن بىللە بارمايتتى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە يالغۇز كېتىۋاتقىنىمنى بىر تونۇشۇم كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «شۇنداق چىرايلىق خوتۇنۇڭنى يېرىم كېچىدە يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىمەمسەن» دەپ ئۇنى ئەيىبلەپتۇ. بۇ گەپنىمۇ ئۇ ئۆزى دەپ بېرىدۇ - يۇ، يەنە ئۆز سەنىمىگە دەسسەيدۇ.

## تېڭىرقاش

بالامنى دېسەم چىشىمنى چىشلەپ ئۆي تۇتۇپ كەتكىنىم بار. بىراق بالام بۇنداق ئائىلىدە قانداق ئادەم بولار؟ دەپ ئەنسىرەيمەن، شۇڭا ئۇ «دادام - ئاپام ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن» دەپلا ئويلىسۇن، دېگەن يەرگە كېلىپ قالدىم. مېنىڭ ھەممىدىن بەك ئۆكۈنىدىغىنىم ئاپام بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشنى مەن چوقۇم داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ دېگەن سۆزنى قىلغان چاغدا ئۇ ئايالنىڭ دېمى سىقىلىپ، نەپسى يېتىشمەي قېلىۋاتاتتى. ئادەتتە، بەدەن ئۆزى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان روھىي بېسىمدىن ئارتۇق بېسىمغا ئۇچرىغاندا، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى كېسەللىك ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ ئايال كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن ساغلام تۇرغىنى بىلەن يۈرىكى ئۆزۈن يىللىق ئازاب، سىقىلىشتىن ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەندەك. ئۇ ئايالنى ئەنە شۇنداق ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىسىلا ئازابتىن تىترەپ، تىنالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئايالنىڭ كەيپىياتىنى سەل تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

## بالا ھەممىنى بىلىدۇ

ــ بالىڭىز قانچە ياشقا كىردى.

ــ بەش ياشقا كىردى. بەك ئەقىللىك چوڭ بولدى. ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بىر سائەت ئەتراپىدا بالا بىلەن بىللە ئويناپ، بىر كۈنى ساناق، بىر كۈنى ئەرەب تىلى، بىر كۈنى ئىنگلىزچە ئۆگىتىمەن. بالام نېمىشقىدۇر تولا چاغلاردا مەن «ئاجرىشىش» دېگەن گەپكە بەك ئۆچ، ئاجرىشىپ كەتكەندە ئاپىسى كېتىدۇ، دادىسى بىلەن بالىسى قالىدۇ. مەن بۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

ــ سىز بالىغا شۇنداق دېگەنمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ئۇ ئايال كېيىپلا مۇنداق دېدى:

ــ ئاپامنىڭ دەرد ــ ھەسرىتىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، بالىغا ئۇنداق گەپلەرنى دېمەيمەن. بىراق، باشقىلارنىڭ ماڭا ئازار بېرىپ قىلىۋاتقان سېسىق گەپلىرىنى، يولدىشىم بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا دېيىشكەن گەپ ــ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولىدىغان يەنە بىر ئىش، بالامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كەتكەندە، چېچىنى يۇلۇپ، سەكرەپ يىغلاپ كېتىدۇ. مەن ھەيران، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئېنىق بولسىمۇ، بىراق مەن چۈشەنچە بەرمىدىم. پەقەت: «بالا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈش ئىچىدە چوڭ بولسا، چوڭ بولغانچە ئۇنداق قىلمايدىغان بولىدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا ئامال بار بالىنىڭ دىققىتىنى باشقا ئىشلارغا

بۇرۇۋېتىشلار، باغرىشلارغا بېسىشلار»دېدىم.
مەن «ئۆزلۈكنى تونۇش ۋە كېلەچەك» ناملىق كىتابىمدا بالا ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپ، ھەتتا تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ئانىنىڭ كەيپىياتىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ، ئانىنىڭ كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم. ئېنىقكى، ئۇ ئايال ئېغىر ئاياغ ۋاقتىدا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، روھىي ئازابقا دۇچار بولغان. تۇغۇت جەريانىدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان. ئەلۋەتتە بۇنداق ۋاقىتتا «كەيپىياتىمنى ياخشىلىشىم كېرەك» دېگىلى بولمايدۇ. يەڭگەندىن كېيىنمۇ يولدىشى، قېيىنئانىسى يوقلىماي، يوقلىمىغانىنىڭ ئۈستىگە گەپ ئەۋەتىپ، ئازار بېرىپ تۇرغان. دېمەك، قېيىنئانا ئۆز كېلىنىنىلا ئەمەس، ئۆز پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ئاساستا قورساقتىكى ۋاقتىدىن باشلاپلا ۋاسىتىلىك ھالدا ئازابلىغان. بۇ ئازاب ئەلۋەتتە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. بالىغا، كېلىنىگە، ھەتتا ئۆزلىرىگە، قۇدا تەرەپ تۇغقانلارغا. . . ئەلۋەتتە، ئازابقا سەۋەب بولغۇچى بۇنى پەقەتلا ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن.

## سۇكۇت ئازابنىڭ داۋاملىشىشىدىكى سەۋەب

— سىز ئازار يېگەندە يولدىشىڭىزغا ياكى قېيىنئانىڭىزغا ئۆزىڭىزنىڭ ئازابلانغانلىقىڭىزنى، قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ باققانمۇ؟
— ئانام ئازار يېگەندە دادامغا ئېيتسا، دادام قايتۇرۇپ ئانامغا تېخىمۇ ئازار بېرەتتى. شۇڭا، تۇرمۇشتا ئامال بار ئازابىمنى يولدىشىمغا ئېيتمىدىم.

دېمەك، ئەڭ ئاساسلىقى ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرى بىلەن روھىي جەھەتتىكى بىرلىشىشكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئايالنىڭ ۋاز كېچىش ئويىغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. بۇنداق كېيىنكى ئېيتىشىمىزدىكى سەۋەب، ئەر ـ خوتۇندا قەلب بىرلىكى شەكىللەنمىسە ئاردا بوشلۇق پەيدا بولىدۇ. بۇ بوشلۇقتا ھەرقانداق بىر ئادەم قىستىلىپ كىرەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئاردا بىرلىك بولغاندا بولسا، ئۈچىنچى ئەنسىرەش ھاجەتسىز. نىكاھ تۇرمۇشىدىكى قانۇنىيەت شۇكى، ئەر ـ خوتۇن نىكاھلىنىپ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئائىلىسىدىن، يەنى چوڭ ئېقىندىن ئايرىلىپ، ئايرىم ئېقىن ھاسىل قىلىدۇ. ناتونۇش ئادەمدىن بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان، ھايات يولىدا بىللە ئاقىدىغان قوشماق ھەمراھلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئېقىنغا بىر مەزگىل بالىلار قوشۇلىدۇ، بىراق يەنە تېزلا بالىلارمۇ ئايرىم ئېقىن ياساپ ئايرىلىدۇ. مەيلى قانچىلىك يېقىن بولۇپ كەتسۇن، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر نىكاھ ئېقىنىنىڭ سىرتىدىكى يانداش ئېقىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلمىغاندا، نىكاھ تۇرمۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئېقىندا ھايات يولىدىكى قوشماقلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىدىغان، يىراقلاشتۇرىدىغان دولقۇن پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشى ئايرىم ئېقىن ياسىيالمىغاچقا، ئەر ـ خوتۇن بىر ئۆمۈر يېقىن ئۆتەلمىگەن. نىكاھ ھاياتىدىكى قوشماق ھەمراھلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك خاتىرجەملىك، بەخت سېزىمىدىن بەھرىمەن بولالماي، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكەن. نۆۋەت بۇ ئايالغا كەلگەندە ئۇمۇ نىكاھىدا ئايرىم ئېقىن ھاسىل قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشتا ھەمراھىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ يوقىتىپ قويۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان. ئۇنداقتا،

يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇنلار ئايرىم ئىچمىكى قانداق ھاسىل قىلىدۇ؟

## يان ئىچمەن

ئەسلىي ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ئائىلە قۇرغانلىقىنى روھىي جەھەتتىن قوبۇل قىلسا، تۇرمۇشىنى مۇستەقىل ئورۇنلاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلسا، تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ئەر - خوتۇن بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىشتىن باش تارتمىسا مۇستەقىل ئىچمەن ياسىيالايدۇ - دە، نىكاھ تۇرمۇشىدا مەيلى قانداقلا بوران - چاپقۇنغا دۇچار بولسۇن، بەخت سېزىمىنى يوقىتىپ قويماي ئۆتەلەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، نىكاھ ئىچمىنى قوچۇلۇپ، پەرق ئېتىش تەس ئىچمىنغا ئايلىنىپ، بىر - بىرىنى ئېنىق كۆرۈشى، بىر - بىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىشى تەسكە توختايدۇ.

## كونا قاراش بىلەن يېڭى قاراشنىڭ توقۇنۇشى

ئۇ ئايال نىكاھ تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ ئايالنىڭ خاتىرىسىدە ئازاب تارتىسىمۇ، يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىنى تۇتۇپ، باللىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئانىنىڭ ئۆلگىسى بار. ئۇ ئايال گەرچە ئۇنداق تۇرمۇشنى ياقتۇرمىسىمۇ، «بىر ئانا، بىر ئايال كىشى شۇنداق قىلىشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «نېمە سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ خورلۇقىغا چىدىغۇدەكمەن، مەن ئۇلاردىن ئايرىلسام تېخىمۇ ياخشى ياشىيالايمەنغۇ» دېگەننى خىيال قىلىدۇ. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زىددىيەتلىك ئوي - خىيال

سەۋەبلىك تېخىرقايدۇ، ئازابى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئۇنىڭ ئازابىدىن «تىنالماي قېلىۋاتىمەن، مەيدەم قاتتىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ» دېيىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل شۇ.

ئۇنداقتا، ئايرىسى تۇتۇپ كېتەلىگەن تورمۇشنى ئۇ ئايال نېمە سەۋەبتىن تۇتۇپ كېتەلمەيدۇ؟

بۇ يەردە رول ئويناۋاتقىنى ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىگە قانداق قاراش مەسىلىسى. ئەلۋەتتە، ئادەمنىڭ قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىلنىڭ بىرى مۇھىت ئامىلى. ئىلگىرى ئاياللار پەقەت ئائىلە بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايتتى. ھەتتا، ئاياللارنىڭ قىممىتى، تورمۇشى، ئائىلىسى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئاياللار نىكاھلانغاندىن كېيىن قانداق ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرسە، شۇنى «تەقدىر پېشانەم » دەپ، ئۇنىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئايرىم ئېقىن ھاسىل قىلىپ، نىكاھ تورمۇشىدىكى يېقىن، مۇستەقىل تورمۇشنى تەلەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. دېمەك، ئۇ چاغلاردا نىكاھنى ساقلايدىغىنى ئالدى بىلەن ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، يېقىنلىقى ئەمەس، بەلكى شۇ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي تايانچلىقى بولاتتى. ئۇلار «تورمۇش شۇنداق بولىدۇ. ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان بولغاچقا، شۇ تورمۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلاتتى، ماسلىشاتتى. بىراق، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مېھىر - مۇھەببەتكە، كۆيۈنۈشكە ئېرىشىش ئېھتىياجى بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ خىل مۇھىتتىكى ئايال ئۆزىنىڭ مېھىر - مۇھەببەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قانداق قاندۇراتتى؟ ئايال يولدىشىدىن يېتەرلىك كۆيۈنۈش ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەندە، قەلب بىرلىكى شەكىللەندۈرەلمىگەندە، ئۇمىدىنى كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە موھتاج، مېھىر - مۇھەببىتىگە

تەقەززا بولىدىغان ھەمدە ئۆزىگە بېقىنىدىغان بالىلىرىغا يۆتكەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايال داۋاملىق ياشاشنىڭ، تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىغا ئېرىشەتتى. بىراق، بۇ نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بىنورمال قىلىپ بولغاچقا، بۇ خىل بىنورماللىقنىڭ ئىلىپ كېلىدىغىنىمۇ ئوخشاشلا بىنورماللىق بولاتتى. يەنى ئانا ئوخشاشلا بالىنىڭ ئايرىم ئېقىن ياساپ مۇستەقىل ئېقىن بولۇشىنى خالىمايتتى. بالىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاجرىلىشىنى تاماملاپ، ئايرىم ئېقىن ياسىشىغا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەتتى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىكى بىرلىك، بېقىنىش ئېھتىياجىنى قانائەت تاپقۇزاتتى. بالىسى، ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا ئارىدىكى بېقىنىدىلىق مۇناسىۋىتى تەھدىتكە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىپ، دەرھال نارازىلىق بىلدۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاغزىدىن «بوشاڭ، توي قىلىپلا ئايالىغا سېتىلىپ، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقماس بولۇپ كەتتى» دەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرىكى تارىخ يەنە تەكرارلىناتتى.

## ئائىلىدىكى ئاساسلىق رولچى

بۇ خىل ئائىلە قېلىپىدا خۇددى ئەر ئائىلىدىكى ئاساسلىق رولچىدەك، تەسىر كۆرسەتكۈچىدەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئائىلىدىكى ئاساسلىق رول ئانىنىڭ قولىدا بولاتتى. بۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بالا كۆپ ھاللاردا قىز بولسا ئاپىسىغا ئوخشاش ئازار يېگۈچىگە ئايلانسا، ئوغۇل بولسا دادىسىغا ئوخشاش كۆرۈنۈشتە ئازار بەرگۈچىدەك، ئائىلىدىكى زوراۋاندەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتا خوتۇن ـ بالىلىرىنى قوغداش، خاتىرجەم تۇرمۇشقا

ئېرىشتۇرۇش قولىدىن كەلمەيدىغان ئاجىزغا ئايلىنىپ قالاتتى.

تۇرمۇشىڭىزغا ياكى ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دىققەت قىلىپ باقىدىغان بولسىڭىز، يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىشىڭىز تەسكە توختىمايدۇ.

مەسىلەن، بىر ئايال يېڭىلا تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپ، تېخى قىرقىدىن چىقماي تۇرۇپلا بۆرەكتىكى تاش قوزغىلىپ، يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيەگە چۈشىدۇ. مەن ئۇنى يوقلاپ بارغاندا، يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاق بالىسى يېنىدا ياتاتتى. ئۇ ئۆرۈلەلمەي قىينىلىپ تۇرغىنىدا، 10 ياشلارغا كىرگەن يەنە بىر ئوغلى ھەدەپ ئاپىسىغا بىر نېمىلەرنى دەپ چىرمىشاتتى. مەن ئۇ بالىغا «ئاپىڭىز ھەم بالا بېقىپ، ھەم ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ بەك جاپا تارتىپ كېتىپتۇ، سىز ئۇكىڭىزنى بېقىشىپ بەرمەي جاپا سالغىلى تۇرۇپسىزغۇ؟» دېگىنىمدە، بالا ماڭا: «ئاپام نېمە جاپا تارتىدۇ، تەييارنى يەپ يېتىپ ئارام ئېلىۋاتىدۇ. ئاياللار بالا باقماي نېمە ئىش قىلىدۇ، بالا بېقىش جاپا ئەمەس» دېگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئايالنىڭ يولدىشىمۇ يېنىدا بولۇپ، بۇ گەپكە ئۇ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىغانىدى. دېمەك، مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتىن شۇ ئائىلىدىكى قېلىپنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، يەنى ئانا مېھىر - مۇھەببەت بەرگۈچى، ئاتا قىلغۇچى، باشقىلار ئېرىشكۈچى. ئايالنىڭمۇ ئوخشاشلا مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدۇ، ھەتتا ئايال ئۆزىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مېھىر - مۇھەببەتلىك نىكاھ تۇرمۇشى بىر تەرەپنىڭلا مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىشى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە بارلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىشى بىلەن مەزمۇنلىنىدۇ.

## ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئوخشاشلىق

سوغۇق مۇئامىلىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاجرىشىش قارارىغا كەلگەن ئايال: «بىزنىڭ جەمەتتە نەۋرە ـ چەۋرە بولۇپ 100 گە يېقىن ئادەم بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتتىق قول قېيىنئانىنىڭ، سوغۇق ئەرنىڭ قولىدا بەختسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاجرىشىپ كەتتى. ئادەمنىڭ ئەقلىي يەتمەيدىغىنى، ئوغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى يامان خوتۇنىنىڭ قولىدا بىچارىگە ئايلىنىپ قالدى» دېگەنىدى. ئۇنداقتا، ئايال ئازار يېگۈچى بولسا «شۇنداق بولىدۇ» دېسەكمۇ، بۇ جەمەتتىكى ئەرلەر نېمە سەۋەبتىن ئوخشاشلا نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ مەن ئۇ ئايالنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئىككى قېتىم نىكاھلانغان، نىكاھ تۇرمۇشىدا باش ئاغرىقىدىن نېرى بولالمىغان نەۋرە ئاكىسى بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىم نىكاھلانغانلىقى، ئىلگىرىكى ئايالىنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكى، ھازىرقى ئايالى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەچ يەنە مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى بىزنىڭكىدىن ياخشى، باشلىقنىڭ قىزى، بەكرەك ئەركە، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىلا خۇيى تۇتۇپ قالىدۇ. يەنە ئاجرىشىشنى خالىمايمەن. قانداق قىلسام بولاركىن؟ بېشىم قېتىپ كېتىۋاتىدۇ.

دېمەك، بىرىنچىدىن، ئۇ ئەرنىڭ خاتىرىسىدە «ئايال كىشى ئىتائەتچانلىق بىلەن نارازىلىقنى بىلدۇرمەي ياشايدۇ» دەيدىغان ئۇلگە بار. شۇ سەۋەبتىن، ئايالىنىڭ تۇرمۇشتىكى

ئادەتتىكى ئىپادىلىرىمۇ كۆزىگە سىغمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى مېھىر ـ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا ئايلاندۇرۇشنى بىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن، ئايالى بىلەن قەلب بىرلىكىنى شەكىللەندۈرەلمەي، كۆڭلىرىنى مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ئەمەس، بەلكى ھازىرقىدەك ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىدەك، يەنى ئايالىنىڭ ئائىلىدىن باشقا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىدىغان ئورنى بولمىغان شارائىت بولغان بولسا، بۇنداق نىكاھ شۇنداق سوغۇق مۇناسىۋەتتە داۋاملىشىپ، مەسىلە چىقماسلىقى مۇمكىن ئىدى. بىراق بۈگۈنكىدەك جەمئىيەتتە، ئاياللار ئۆز رولىنى، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىۋاتقان ياكى بولمىسا ئۆزى تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا ئۆز قىممىتىنى نامايات قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدىغان شارائىتتا، مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، ئائىلىسىدىكى يېقىن ئادەملىرىنى قانداق سۆيۈشنى بىلەلمىسە، تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق مۇقىمسىز، تېتىمسىز تۇرمۇشقا يېقىنلىشىدۇ.

## ماڭا ئەركىلەۋاتىدۇ دەپ قاراش

مەن نىكاھ تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇ ئەرگە شۇنداق دېدىم: ئايالىڭىزنىڭ ئەركە نايناقلىقىغا «ماڭا ئەركىلەۋاتىدۇ، ماڭا ئەركىلىمەي كىمگە ئەركىلەيدۇ» دەپ قارىسىڭىز، يولسىزلىق قىلىشلىرىغا «ئۇ، ئەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەنمىگەن بىر بىچارە، ئۆزۈم ئاستا ـ ئاستا ئۆگىتىۋالىمەن» دېسىڭىز، ئۆز مۇھەببىتىڭىز ئارقىلىق يېقىن كىشىلىرىگە مۇھەببەتلىك مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ شۇ سەۋەبلىك

بىئارام بولمايسىز. ئايالىڭىزنىمۇ باشلىيالايسىز. ئەكسىچە، يېتەرسىز تەرەپلىرىدىن ئاغرىنسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدا مېھىر - مۇھەببەت تېخىمۇ سۇسلايدۇ. سىز قايسى خىل تۇرمۇشنى تاللايسىز؟ — دېدىم.

بۇ ئۇسۇلنى مېنىڭچە ئەرلەر سىناپ باقسا بولىدۇ. تۇرمۇشتا بەزىدە ئاياللار كىچىك ئىشلار سەۋەبلىك ئەرلىرىگە يولسىزلىق بىلەن جېدەل قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئەرلەر «ماڭا ئەركىلەۋاتىدۇ، ماڭا ئەركىلىمەي كىمگە ئەركىلەيدۇ» دەپ ئويلىسىلا، بىر قېتىملىق جېدەل - ماجىرانىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. ئايالمۇ يولسىزلىقىدىن كېيىن خىجىل بولۇپ قالىدۇ - دە، تەجرىبە ساۋاقنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ مۇلايىم بولۇپ كېتىدۇ.

خوش، يەنە ئالدىنقى مەن ئانام تەكرارلىغان تۇرمۇشنى تەكرارلىشىم كېرەكمۇ؟ دېگەن سوئالغا كېلەيلى.

بۇ يەردە قانداق قىلىش ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت، سىز قانداق قىلىشنى خالايسىز؟ دەپ قايتۇرۇپ سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ چاغدا «مەن كۆڭۈل ئاغرىقىدىن خالىي تۇرمۇشقا ئېرىشمەكچى، مېنىڭ ئۆلارنى كۆزۈم كۆرمىسىلا بولدى» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن.

بىراق، نىكاھ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قانداقلا تۇرمۇش قېلىپى بولسۇن، ئەر - خوتۇن ئورتاق ھالدا ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ۋە ئەۋلادلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئاڭلىق ھالدا تونۇپ، ئۆزگەرتىشنى خالىسىلا پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ كېتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئەلۋەتتە ئۆزلىرى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تۇرمۇش قېلىپىنىڭ زىيىنىنى ھەر ئىككىلا تەرەپ ئېنىق تونۇشى كېرەك.



ئۆز پەرزەنتىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قورساقتىكى ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپلا ۋاسىتىلىك ئازابلىسا، بۇ ئازاب ئەلۋەتتە تۇرلۇك شەكىللەر ئارقىلىق كېيىنچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئادەتنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

ئادەتنى ئۆزگەرتىش تەس دېگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغۇچىلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەلسىلا، يىلتىزى ھەرقانچە چوڭقۇر بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولىدۇ.



# تونۇشنى ئۆزگەرتىش

قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندا خاتىرىڭىزدە شۇ خىل قوپال مۇئامىلىگە ئۇچراش ياكى يېقىن كىشىلىرىڭىز شۇنداق قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن دىلى ئازار يېگەنلىك تەسىراتى بولسا، بىر خىل ئەھۋالدا ساقلىنىپ قالغان خاتىرىگە ماس ھالدا ئىنكاس قايتۇرىسىز. يەنى سىزنىڭ شۇ ھادىسىگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسىڭىز ئەسلىدىكى خاتىرىڭىزدە ساقلىنىپ قالغان ئىنكاسنىڭ تەكرارلىنىشى بولىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا ئەسلىدىكى كەيپىياتنىڭ تەكرارلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر خىل ئەھۋالدا تەجرىبە ساۋاقنى يەكۈنلەپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ. يەنى، قوپاللىققا ئۇچراش ۋە يېقىنلىرىڭىز قوپاللىققا ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن ئازار يېگەنلىك تەسىراتى بولغان بولسا، شۇنىڭدىن تەجرىبە ساۋاق يەكۈنلەپ، قارشى يۆنىلىشتە ياكى شۇنىڭغا يېقىن ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى ئايالنىڭ ئاپىسى تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى زەربىلەرگە خاتىرىسىدىكى ئىنكاسقا ئاساسەن ئىنكاس قايتۇرغان. شۇ سەۋەبتىن ئېرىشىدىغان نەتىجىمۇ ئوخشاش بولغان. قىزى بولسا ئاپىسىنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ ئەكسىچە ئىنكاس قايتۇرغان. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا توغرا ئىنكاس قايتۇرغانلىق بولىدۇ؟

ئادەم بىر مەسىلىنى قانداق ئويلىۋالسا، ئۇ مەسىلە شۇنداق مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. يەنى ئالدىغا بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ «بۇ ئورۇندۇق مۇستەھكەم ئەمەس» دەپ ئويلىسا، ئۇ

ئورۇندۇقتا خاتىرجەم ئولتۇرالمايدۇ، ھەتتا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئورۇندۇقتا نېمە سەۋەبتىن ئولتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر خىل ئەھۋالدا، ئەسلي ئۇنچە مۇستەھكەم بولمىغان ئورۇندۇقتا «بۇ ئورۇندۇق نېمىدېگەن مۇستەھكەم» دېگەن خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇ ئورۇندۇقتا خاتىرجەم ئولتۇرۇشى مۇمكىن. بۇ خىل روھىي ھالەتنى تۇرمۇشقا تەتبىقلاشقا بولىدۇ. بىر قىز ئىكاھلىنىپ بىر ئۆيگە كىرگەندە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا «مەن دېگەن كېلىن، ئۇلار مېنى ھەرگىزمۇ قىزى قاتارىدا كۆرمەيدۇ، ھەرگىزمۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ» دېگەن تونۇش بولسا، ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئېڭىدىكى شۇ خىل ئۇچۇرنى ئاشكارىلاشتىن ساقلىنالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن تەقدىردىمۇ ئەسلي ئېرىشىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولۇق ئېرىشەلمەي قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، يۇقىرىقىدەك قاراش مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھېس قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەقىقەتەن بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك سوغۇق مۇناسىۋەت ھۆكۈم سۈرىدىغان ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن بولسا، ھەر بىر قېتىملىق ئازار يوشۇرۇن ئېڭىدىكى شۇ خىل تونۇشنى دەلىللەپ، ئازابىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ شۇ مۇھىت ئىچىدە تارقىتىدىغىنى «مېنى بوزەك قىلما»، «سىلەر مېنى ياقتۇرمايسىلەر» دېگەندىن ئىبارەت بولىدىغان بولغاچقا، ھېس قىلىدىغىنىمۇ شۇ ئويىغا مۇناسىۋەتلىك تەسىرات بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىنكاسىنىڭ ئەكسىچە «ئۇلار كېلىننى ياقتۇرمايدىكەن، بۇ مېنى ياقتۇرمىغانلىق ئەمەس، مەيلى كىملا كېلىن بولۇپ كىرگەن بولسا ئۇلار شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغىنى مەن ئەمەس، كېلىننىدىن ئىبارەت نام» دەپ ئويلاپ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىسا،

ئاستا ـ ئاستا شۇ ئائىلىدىكى كەيپىياتنى ياخشىلاپ كېتىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس. ئاچچىققا ئاچچىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرغاندا ئەڭ چوڭ زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئازار بەرگۈچى ئەمەس، ئازار يېگۈچى بولىدۇ. يەنى، شۇ سەۋەبلىك جېدەل چوڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن. يەنە ئۇستىلەپ ئازار يېيىشىڭىز مۇمكىن. ئاچچىققا يەنە بىر نۇقتىدا تۇرۇپ، يەنى «ئادەم قەلبىدە نېمە بولسا باشقىلارغا شۇنى بېرىدۇ» دېگەننى ئويلاپ ئىچ ئاغرىتقاندا بولسا، قارشى تەرەپ يەنە داۋاملىق ئازار بەرگەن تەقدىردىمۇ، قوغداش قەۋىتى ھاسىل قىلىپ، روھىي جەھەتتە ئازاب تارتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز تۆۋەندىكى مىسالغا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئايال ھامىلىدار ۋاقتىدا قېيىنئانىسىنىڭ قاتتىق قوللۇقىغا نىسبەتەن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئىنكاس قايتۇرماسلىق يولىنى تۇتماي «ئېغىرئاياغ بولغاچقا بۇنچىلىك كۆپ كىرنى يۇيۇپ بولغۇچە بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن. كىرئالغۇدا يۇيايلى،.. بۇنچىلىك ئۇزۇن يولنى پىيادە مېڭىشقا كۈزۈم يەتمەيۋاتىدۇ»... دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولسا، يەنى «قېيىنئانا دېگەن كېلىنىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال» دەپ ئويلىۋالماي، «مەنمۇ قىزىڭىز تۇرسام، ئۇنداق قىلسىڭىز مەن بەكلا بىئارام بولىمەن، ئانا ئەسلىدە بالىسىنىڭ ئازابلىنىشىنى خالىمايدىغۇ... » دەپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتسا، ئەھۋالنى ياخشىلاشقا پايدىسى بولۇشى مۇمكىن. «بۇنداق قىلسىڭىز كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولىدىكەن» دېسىڭىز بۇ سۆزنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ئەلۋەتتە بۇتىنىغاندىن، ئاغرىنغاندىن كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئادەمنىڭ قەلبىدە نېمە بولسا قارشى تەرەپتىن

ئېرىشىدىغىنىمىز شۇ ياكى شۇنىڭغا يېقىن نەرسە بولىدۇ. دېمەك، ئادەمنى ئەڭ قاتتىق ئازابلايدىغىنى باشقا ئادەم بولماستىن بەلكى، ئۆزىنىڭ شۇ توغرىسىدىكى ئويى، قارىشى بولىدۇ. «ئۇ مېنى ئازابلاۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغاندا، ئازاب پەيدا بولىدۇ. «ئۇ بىچارە نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال پەيدا بولغاندا، ئازاب ئەمەس، ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ.

بەزىلەر «بىرگە ئازار بەرگەن كىشىگە ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەتتە ئۆزىمىزنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلىمەي ئىنكاس قايتۇرساق، غۇرۇرىمىزنى قوغدىمىغان بولۇپ قالامدۇق، كېلىن بولغان ئادەمنىڭ غۇرۇرى بولمامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، سىزنىڭ كېلىن دېگەن ئۇقۇمغا قانداق قارىشىڭىزغا باغلىق. سىزنىڭ «مەن ئۇلارغا باش ئېگەمتىم» دەپ ئويلىغىنىڭىزنىڭ ئۆزى، سىزنىڭ باش ئەگكەنلىكىڭىز بولىدۇ. يەنى، سىز شۇنداق ئويغا كەلگەن ۋاقىتتا ئاللىقاچان ئازابلىنىپ بولغان بولىسىز. مەن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش كېرەك، دېگەن گەپنى كۆپ ئىشلىتىمەن. ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئازابلىمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزىگە ئازار بېرىۋاتقان كىشىگە ئىچ ئاغرىتىپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتەلەيدۇ. ناۋادا قارشى تەرەپنىڭ قىلمىشى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ تەكرار - تەكرار ئازار بېرىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، ئۆز مەيدانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا،بۇنداق ئائىلە قېلىپىنى بۇزۇشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ئەمەس، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئادەم، نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى روھىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىش، ئۆزى

ئۆچراۋاتقان سوغۇق مۇئامىلىنىڭ ئۆزى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان مەسىلە بولماستىن، بەلكى سوغۇق مۇئامىلە قىلغۇچىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە قارىتا ئۆزىدە قوغدىنىش پەردىسى ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوپال گەپ ـ سۆزلىرىنى «ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېگەن روھىي ھالەتتە ئاڭلاپ، ئېغىزدا دېيىلىۋاتقان گەپكە ئېسىلىۋېلىشنى توختىتىپ، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى كاللىسىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا، قانداق ئويدا بولغانلىقىنى سەممىيلىك بىلەن ئېيتىمىسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئەر ـ خوتۇن ئۆز ھېسسىياتىنى، قەلبىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ، ئورتاقلىششقا سەل قارىسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۆزىنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرمىگەندە، قارشى تەرەپ ئادەتلىنىپ قالغانلىق سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بىلمەسلىك سەۋەبىدىنمۇ ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.



ئادەم بىر مەسىلىنى قانداق ئويلىغانسا، ئۇ مەسىلە شۇنداق مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.

# ئادەت ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋاتقان ئەڭ چوڭ قاتىل ـ يېقىن كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىۋاتقان سوغۇق مۇئامىلىسى. سىرتتىن قارىغۇچىلارغا بۇنداق ئائىلىلەردە نىكاھنى بۇزىدىغان بەك چوڭ مەسىلە يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە ھەقىقەتەن نىكاھ مۇناسىۋىتى تۇيۇقسىزلا بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ. پەقەت ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدىكى مەلۇم بىرەيلەن شۇ خىل سوغۇق مۇناسىۋەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغاندىلا، مۇناسىۋەت جىددىيلىشىپ، ھەر ۋاقىت بۇزۇلۇش خەۋپى تۇغۇلىدۇ. بۇ دېگەنلىك بۇ خىل ئائىلە قېلىپىدىكى كىشىلەر ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كۆڭلىرىنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆڭلىرى ھەرۋاقىت خاتىرجەمسىزلىك، مۇقىمسىزلىق، تىنچسىزلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش قېلىپىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغۇچى ئالدى بىلەن بالىلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايالLAR بولۇپ، ئەرلەرمۇ ئوخشاشلا نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بەخت تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ خىل ئائىلە قېلىپىنى قانچە تېز بۇزۇپ تاشلىسا، بارلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقى ئۈچۈن شۇنچە پايدىلىق. ئۇنداقتا، بۇ خىل ئائىلە قېلىپىنى قانداق بۇزۇپ تاشلاش كېرەك؟ بۇنىڭدىكى بىرىنچى قەدەم، ئۆزىنىڭ بۇزۇپ تاشلىماقچى بولغان قېلىپى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش. يەنى، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىنىڭ نېمە

ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش. ئۇنىڭدىن كېيىن قېلىپنى بۇزۇشتىكى كونكرېت قەدەمنى ئالسا بولىدۇ.

رەسمىي گەپكە كېلىشتىن بۇرۇن، سوغۇق ئائىلە مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىمەن.

يۇقىرىقى مەزمۇندا تىلغا ئالغان ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئادەم ھېسسىيات يىراقلىقى سەۋەبلىك ئايرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ دەل ئىككىلا جەمەتكە ئورتاق بولغان سوغۇق ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن ئايالنىڭ ئائىلىسىدە داۋاملىشىۋاتقان قېلىپقا قاراپ باقايلى.



سىرتتىن قارىغۇچىلارغا بۇنداق ئائىلىلەردە نىكاھنى بۇزىدىغان بەك چوڭ مەسىلە يوقتەك كۆرۈنىدۇ.

## سوغۇق مۇناسىۋەت قېلىپىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىش

**ئايالنىڭ دادىسى** تەقۋادار كىشى، ئۆمرىدە بىرلا قېتىم نىكاھلانغان. ئائىلىدىكى ئاساسلىق سوغۇق مۇناسىۋەت يۈرگۈزگۈچى. ئانىسى بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئايالىغا تەسەللى بەرگۈچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، ئانىسىنى مۇۋاپىق چەكلىگۈچى، ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلغۇچى بولالمىغان. يەنى، ھەيۋە قىلىپ قويغىنى بىلەن مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.

**ئايالنىڭ ئانىسى** تەقۋادار ئايال، ئۆمرىدە بىرلا قېتىم نىكاھلانغان. قېيىنئانىسىنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغان. ئائىلىدە بالىلىرىنى ئىلىم، قائىدە - تەرتىپ جەھەتتە تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. نىكاھ ھاياتىدا كۆپ قېتىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن. قېيىنئانىسى بىلەن بولغان زىددىيەت سەۋەبلىك يولدىشىدىنمۇ ئازار يېگەن. ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل - ماجىرا كۆپ ھاللاردا شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. غايە، ئىنتىلىشى كۈچلۈك ئايال.

ئەر - خوتۇن ئىككىلا تەرەپنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت تارىخى يوق.

ئۇلارنىڭ ئىككى قىز، بىر ئوغۇل ئۈچ پەرزەنتى بار.

گەپنى مەن بىلەن مۇڭداشقىلى كەلگەن ئايالدىن باشلايلى:

نىكاھتىكى ھەمراھىنى ئۆيدىكىلىرى تونۇشتۇرغان، مېھرى چۈشكەن، قەلبىدە ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى پەيدا بولغان، تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ يولدىشىغا بولغان نارازىلىقى ئاستا ـ ئاستا كۈچەيگەن. ھامىلىدار ۋاقىتلىرىدا يولدىشى، قېيىنئاتا، قېيىنئانىلىرىنىڭ ئالاھىدە كۆيۈنۈشىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ھەسسىلەپ ئازار بېرىشىگە ئۇچرىغان. بالىسىنىڭ ئاچچىقلانغاندا ئۆزىنى شاپىلاقلاپ، چېچىنى يۇلۇپ يىغلايدىغان ئادىتى بار. بۇ ئايال بالا تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تۇرمۇشتا قېيىنئانىسىغا ياكى يولدىشىغا بولغان ئاغرىنىشلىرىنى ئامال بار ئىپادىلىمەسلىككە تىرىشىدۇ، پەقەت بولمىغاندا ئىپادىلەيدۇ. ئائىلە مۇناسىۋىتى سوغۇق، مېھىر ـ مۇھەببەت كەمچىل. شۇنداقتىمۇ، ئائىلىدە ئىللىق ئائىلە كەيپىياتى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئەمما شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىنكاسقا ئېرىشەلمەي ئازابلىنىدۇ.

**كەنجى قىز** ئوخشاشلا چوڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن نىكاھلانغان. نىكاھتىن كېيىن يولدىشىغا مېھىر ـ مۇھەببىتى كۈچلۈك بولغان. بىراق، تۇرمۇشىغا قېيىنئانىسىنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى بىلەن ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇھەببىتى ئاستا ـ ئاستا سۇسلاپ، يولدىشى ۋە قېيىنئانىسىنىڭ روھىي جەھەتتىكى زەربىسىگە بەرداشلىق بېرىشكە مەجبۇر بولغان. بويىدا قالغاندا ئۇلارنىڭ ئازار بېرىشى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قاتتىق قول مۇئامىلە قىلىشى بىلەن دېمى سىقىلىدىغان بولۇپ قالغان. شۇ خىل روھىي كەيپىياتتا تۇغقان بالىسى مېيىپ تۇغۇلۇپ قالغان. بۇ سەۋەبلىك «ساغلام بالا تۇغالمىدى» دېگەن باھانە بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھەيدەلگەن.

**ئوغۇل** ئاجرىشىپ قايتا نىكاھلانغان. ئائىلىدە ئەرنىڭ

يېتەكچىلىك رولى يوق. قېيىنئانا بىلەن كېلىن مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ بولالماي، ئائىلىدە دادىسىغا ئوخشاش ئاچچىقىدا ۋار - ۋۇر قىلغىنى بىلەن زىددىيەتنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلالمىغاچقا، ئىككى ئارىدا قىسىلىپ، يۈرىكى سىقىلغان.

ئۆلارنىڭ تۇرمۇش قېلىپىغا قارايدىغان بولساق، قىزلار ئاساسەن زالىم قېيىنئانىنىڭ، سوغۇق، مەسئۇلىيەتسىز ئەرنىڭ قولىدا نىكاھ تۇرمۇشىدىكى بەخت ۋە خۇشاللىقتا ئېرىشەلمىگەن.

ئوغۇلنىڭ تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولساق، نىكاھ تۇرمۇشى مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان بەختلىك تۇرمۇش ئەمەس.

**ئەرنىڭ دادىسى** بىر نىكاھلانغان، بالا تەربىيەسىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت تارىخى يوق. ئەر - خوتۇنلۇق مېھىر - مۇھەببىتى سۇس.

ئەمدى ئەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلىسىگە قارايدىغان بولساق:

**ئەرنىڭ ئانىسى** بىر نىكاھلانغان، بالا تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت تارىخى يوق. ئەر - خوتۇنلۇق مېھىر - مۇھەببىتى سۇس.

ئۇ ئائىلىدە ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت بولۇپ، ھەممىسى بىر نىكاھلانغان. ھەممىسىنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت تارىخى يوق ياكى ئاشكارا ئەمەس. ھەممىسىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەر - خوتۇنلۇق مېھىر - مۇھەببەت كەمچىل. بالا تەربىيەسىگە ئانچە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

سوغۇق مۇناسىۋەت قېلىپى داۋاملىشىۋاتقان ئائىلىلەردىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئەر - خوتۇنلۇق مېھىر - مۇھەببىتى سۇس ياكى چوڭقۇر بولسىمۇ، بىر - بىرىگە ئىپادىلەشكە سەل قارايدۇ ۋە ياكى بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى قانداق

ئىپادىلەشنى بىلمەيدۇ.

ئۇنداقتا، شۇنداق ئائىلىلەردىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببىتى بولمامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر ـ بىرىگە راستتىنلا مېھىر ـ مۇھەببەت بولماسلىقى ناتايىن. ئۇلار پەقەت بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بىر ـ بىرىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشتىن قورقۇش سەۋەب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىدىن قورقىدۇ؟ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مەن يۇقىرىقى مەزمۇندا تىلغا ئالغاندەك، يېڭى توي قىلغان ئايالىغا كىرەكلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ بەرگەن ئەر ئاپىسىنىڭ «خوتۇن كىشى قىلىدىغان ئىشنى قىلساڭ، سەندىن كېچىمەن» دېگەن گېپىدىن كېيىن، ئايالىغا مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈشتىن قاچىدۇ، ئاستا ـ ئاستا شۇنىڭغا ئادەتلىنىدۇ.

# سوغۇق مۇناسىۋەت قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلاشتىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان قەدەم - باسقۇچلار

بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇ خىل تۇرمۇش قېلىپىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىنى بۇزۇش كۈچى، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتنىڭ بۇزۇش كۈچىدىن قېلىشمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ خىل ئائىلە قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆز نارازىلىقىنى يوشۇرماي ئېيتىش، ئۆز كۆڭلىدە خالايدىغان مۇناسىۋەت شەكلىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈش، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلى بىلەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى سېلىشتۇرۇپ، شۇ خىل تۇرمۇش شەكلىگە بولغان قارىشىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇش قېلىپىنى لايىھەلەپ چىقىش كېرەك. بۇ جەريانلارنى تاماملىيالىغاندا، مېنىڭچە سوغۇق مۇناسىۋەت قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

**بىرىنچى باسقۇچ:** ئازار يېگۈچى تەرەپ سوغۇق مۇناسىۋەت يۈرگۈزگۈچىدىن رەسمىي يوسۇندا پاراڭلىشىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. ئادەتتە سوغۇق مۇناسىۋەت يۈرگۈزگۈچى «پاراڭلىشىدىغان نېمە ئىش بار» دەپ قاراپ، ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان ئىش كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، مەن سىز بىلەن زادى پاراڭلاشمىسام بولمايدۇ، دەپ كەسكىنلىك بىلەن پاراڭلىشىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. «نىكاھ تۇرمۇشىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمايمەن، شۇڭا پاراڭلاشمىساق بولمايدۇ»، «بالىلارنىڭ بىزدىكى مەسىلە سەۋەبلىك زىيانغا ئۇچرىشىنى

خالىمايمەن، ئەلۋەتتە بۇنى سىزمۇ خالىمايسىزغۇ دەيمەن»
دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، قارشى تەرەپنى پاراڭلىشىشقا
قايىل قىلىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنى ئەستايىدىل
ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا كۆندۈرەلمىسە ياكى قارشى تەرەپ
بۇنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قاراپ، ھەرقانداق گەپنى رەت
قىلسا، ئاجرىشىش سۆزىنى ئېغىزدىن چىقارمىغان ئاساستا،
سەگىتىش تاكتىكىسىنى قوللانسا بولىدۇ، يەنى «مېنىڭمۇ
سەۋر ـ تاقىتىمنىڭ چېكى بار» دېيىش كېرەك. ئەلۋەتتە،
بەزى ئەرلەر بۇنداق گەپنى ئائىلىغاندا مەسئۇلىيەتسىزلىك
بىلەن قانداق قىلىشنى خالىساڭ شۇنداق قىل دېيىشى
مۇمكىن. نىكاھ تۇرمۇشىڭىزنى بۇزۇش نىيىتىڭىز بولمىسىلا،
بۇنداق ۋاقىتتىمۇ بەل قويۇۋەتمەڭ. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا
مۇشۇ قېيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىشلار
ياخشىلىنىشقا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇنىڭ
ئۇچۇن قارشى تەرەپمۇ كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

پاراڭلىشىشقا كېلىشكەندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنىڭ
گېپىنى رەت قىلىدىغان، گەپنى سەۋر قىلىپ ئاڭلىماي
چىقىپ كېتىدىغان ئىشنى قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. قارشى
تەرەپنىڭ ئاغزىدىن قانداقلا گەپ چىقسۇن، گەپنى سەۋر
قىلىپ ئاڭلاپ، ئۆزىگە گەپ قىلىش نۆۋىتى كەلگەندە
كۆڭلىدىكى ئاغرىنىشلىرىنى سۆزلەيدىغانلىقى ھەققىدە
كېلىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا قارشى تەرەپ نارازىلىقىنى
ئىپادىلەۋاتقان ۋاقىتتا، بۇ پەقەت ئاغرىنىشنى ئىپادىلەۋاتىدۇ،
نارازىلىقىنى ئىچىدىن چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ
قالىدۇ، دېگەن روھىي ھالەتتە ئاڭلىغاندا، ئاچچىقلىنىپ
سەكرەپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق
ۋاقىتتا كۆڭۈلگە تېگىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئېغىزدىن
چىقىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ.

**ئىككىنچى باسقۇچ:** پاراڭلىشىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئەر ـ ئايال ئۆزئارا كېلىشىۋالسا بولىدۇ. مەسىلەن، ۋاقىتنى بەك ئۇزارتىۋەتمىگەن ئاساستا كۆڭلى ئاغرىغان ياكى نارازى بولغان ئىش ھەققىدە سۆزلەشسە بولىدۇ. بولۇپمۇ ئايال كىشى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىسە بولىدۇ. مەسىلەن، «مەن... بەكلا بىزار، بۇنداق ئىش بولمىسىكەن دەپ ئويلايمەن،... مېنى بەكلا خاپا قىلدى، ئۇنىڭدىن بىزار بولدۇم... ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، كۆيۈنمەيدۇ، دەپ ئويلاپ بەكلا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلسا بولىدۇ. ئەرمۇ ئۆزىنىڭ سۆزلەش نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلىسە بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئايال كىشى «ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق ئويدا بولۇپ قاپتۇ ياكى ئارىمىزدا چۈشىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش كەمچىل بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك شۇنداق خىيالدا بولۇۋېتىپتۇ ۋە ياكى باشقا بىرىگە گەپ قىلىۋاتىدۇ، دېگەن روھىي ھالەتتە گېپىنى ئاڭلىسا بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، قارشى تەرەپنىڭ دېگەن سۆزلىرى سەۋەبلىك روھىي ئازابقا دۇچار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

**ئۈچىنچى باسقۇچ:** ئۆزىنىڭ قانداق مۇئامىلىنى خالايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىسە بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ گېپىگە ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سالمىسا بولمايدۇ. چۈنكى، بىر ـ بىرىنىڭ قانداق مۇئامىلىدىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن بەكلا مۇھىم. ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئامال بار تولۇق ئىپادىلىشى كېرەك. ئادەتتە، بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭداشمايدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن

كــارى بولمايــدىغان ئەر ـ خوتــۇنلار كــۆپ هــاللاردا ســىرتتا باشــقىلارغا ياخــشى مۇئــامىلە قىلىــدۇ، باشــقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قۇلاق سالىدۇ، مۇڭدىشىدۇ. ئەكسىچە، ئۆزى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك هەمراھىغا ۋاقىت ئاجرىتىشنى خالاپ كەتمەيدۇ. بــۇ باســقۇچ ئــارقىلىق بىــر ـ بىرىنىــڭ كۆڭــۈل ســۆزلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

**تــۆتىنچى باســقۇچ:** ئەر ـ خوتــۇن ئىككىــلا تەرەپ قارشــى تەرەپــتىن ئۆزىنىــڭ قانــداق بولغانــدا قارشــى تەرەپنــى رازى قىلالايــدىغانلىقىنى ئېيتىــپ بېرىــشنى تەلەپ قىلىــسا ۋە بىــرلىكتە نــۆۋەتتىكى ســوغۇق هــالەتنى ئــۆزگەرتىش ئۈچــۈن قانداق قىلىشى هەققىدە مەسلىھەتلەشسە بولىدۇ.

**بەشــىنچى باســقۇچ:** بىــز نــېمە ســەۋەبتىن بىــر ـ بىرىمىزنىــڭ مېھىــر ـ مــۇھەببىتىنى هــېس قىلالمــايمىز؟ دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، سەۋەبىنى ئــاختۇرۇپ باقسا بولىــدۇ. ســەۋەبىنى ئاختۇرۇشــتىكى مەقــسەت، بىــر ـ بىــرىگە مەســئۇلىيەتنى دۆڭــگەش ئۈچــۈن ئەمەس، بەلكــى مەســىلىنى هەل قىلىش، مۇناســىۋەت شــۇنىڭدىن كېيىــن ئاســتا ـ ئاستا ياخشىلىنىشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىــر ـ بىرىگە باغرىنى بېرىشى بەك مۇھىم.

بەزىلەر قانداقلا تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ. تۇرمۇشــىمىزدا قىــزغىن هېســسىيات پەيــدا بولمايــدۇ. قارىغانــدا بىــر ـ بىرىمىزنــى راســتتىنلا ياخــشى كۆرمەيــدىغان بولــۇپ قالغــان ئوخشايمىز. بۇنداق ئەھۋالدا نىكاھنى يەنە ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ياكى ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟ دەپ سورايدۇ.

مەيلى قانــداقلا تۇرمــۇش قېلىپىــدىكى نىكــاھ مۇناســىۋىتى بولــسۇن، بىــر ئۆمــۈر ئۆزگەرمەيــدىغان قىــزغىن مۇھەببەتلىــك تۇرمــۇش بولمايــدۇ. مــۇھەببەت قېلىپقــا ســالغىلى بولىــدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى بىر خىل تۇيغۇ بولغــانلىقى ئۈچــۈن،

مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ، دەپ ھېچكىم كېسىپ ئېيتالمايدۇ. بىراق، نىكاھ تۇرمۇشىدا مۇھەببەتنى قوغلىشىمىز، مۇھەببەتنى ساقلاپ قېلىش، نىكاھ ھاياتىنى مۇھەببەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز. شۇنداق قىلساق راستتىنلا ھاياتىمىزنى مۇھەببەت ئىچىدە ئۆتكۈزەلەيمىز. چۈنكى، نىكاھ تۇرمۇشىنى ساقلايدىغان مۇھىم ئامىل قىزغىن مۇھەببەتلا بولماستىن، بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇش، ئۆزىنىڭ نىكاھتىكى رولىنى تونۇش، بىر - بىرىنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل بولۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاياتىغا مەسئۇل بولۇش دېگەن گەپ سەل ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن شۇنداق. بىر ئايال نىكاھلانغاندىن كېيىن، نىكاھتىكى ھاياتى ئۇنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز ھاياتىغا ئايلىنىدۇ. بىر ئايال كۆپ ھاللاردا ئەرگە تېگىش بىلەن بەختلىك ياكى بەختسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ نىكاھتىكى رولىنى تونۇش دېگەندە بىز ئادەتتە ئەرنى ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى؛ ئايالنى باغ، ئەرنى تاغ دەيمىز. بۇنىڭدىن ئەرنىڭ قوغداش، قانات ئاستىغا ئېلىش، ئايالنىڭ بولسا، قانات ئاستىغا ئېلىنىش، ئاسرىلىشتىن ئىبارەت رولىنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇنداقتا، بۈگۈنكىدەك تىنچ دەۋردە ئەر ئايالىنى قانداق قوغدايدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاسراپ، كۆڭلىنى ئاغرىتماي، يامان سۆزدىن ساقلاپ قوغدايدۇ. ئايال قانداق ئاسرىلىدۇ؟ يولدىشىغا سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلىش، مېھىر - مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرۇش، يۆلىنىدىغان، تايىنىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئىپادىلەپ تۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. مۇشۇ خىل قېلىپ بۇزۇلمىغان ئائىلىلەردە بەخت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.



سوغۇق مۇناسىۋەت قېلىپى داۋاملىشىۋاتقان ئائىلىلەردىكى بىر ئورتاقلىق شۇكى، ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى چوڭقۇر بولسىمۇ، بىر - بىرىگە ئىپادىلەشكە سەل قارايدۇ ۋە ياكى بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيدۇ.

# نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قېلىپىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىش

تۆۋەندە نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قېلىپىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە توختىلىمەن.

بۇ جەريانمۇ ئوخشاشلا تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولۇشى مۇمكىن. «مۇشەققەتلىك» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشىمدىكى سەۋەب، ئىشەنچىنىڭ قايتا تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچۈن ۋاقىت، شۇنداقلا سەمىمىيلىك بولمىسا بولمايدۇ. قېنى ئۇنداق بولسا ئۇنچە ئاسان بولمىغان، بىراق نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ئىشەنچىنىڭ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ قايتا تۇرغۇزۇلۇشى، بالىلارنىڭ بەختى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن ئۇنچە تەسمۇ كەلمەيدىغان قەدەمنى ئېلىشقا تەييارلىنىڭ.

ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن ئادەتلىرىڭىزنى ئەسلەڭ. بىرمۇبىر كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شۇ ئادەتلىرىڭىز سەۋەبلىك نىكاھ تۇرمۇشىڭىزغا تەسىر يەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن جەمەتىڭىزدىكى باشقا كىشىلەردە شۇنداق ئادەت بارمۇ - يوق؟ دېگەننى تەھلىل قىلىڭ. شۇ ئادەتلەرنىڭ ئۆزىڭىزگە ۋە باشقا قېرىنداشلىرىڭىزغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەسلەڭ. ئۆزىڭىزنىڭ شۇ قىلمىشى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ، ئارىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقىنى تېپىپ چىقىڭ، پەرزەنتلىرىڭىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ... بۇ باسقۇچنى

بىر جەمەتتىكى كىشىلەر بىر يەرگە كېلىپ شۇ جەمەتتىكى داۋاملىشىۋاتقان تۇرمۇش قېلىپىنى تېپىپ تەھلىل قىلغاندا، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق قىلالايدىغانلار ئاساسەن يوق. شۇ سەۋەبتىن، ئەر - خوتۇن ياكى يېقىن قېرىنداشلار بىر يەرگە كېلىپ شۇ مەسىلە ھەققىدە سۆزلەشسىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدا ئالدىنقى شەرت چوقۇم مەقسەتنى كاللىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بىر - بىرىنىڭ كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىنى كېيىنكى كۈنلەردە زەربە بېرىدىغان تۇتقا قىلىشقا ئۇرۇنغاندا، مۇناسىۋەتنى راستتىنلا بۇزۇپ قويۇش مۇمكىن. چۈنكى، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئائىلىدىكى نورمال كەيپىياتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شۇنچە تەسكە توختايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا قانچە ئەركىن ھېس قىلسا، ئائىلە كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شۇنچە ئاسانلىشىدۇ.

ئەمدىكى قەدەمدە نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ناچار سۈپەتلىك قېلىپنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئازار بەرگۈچى تەرەپ بىلەن ئازار يېگۈچى تەرەپ قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە كونكرېت توختىلىمەن.

ئادەتتە، نىكاھ تۇرمۇشىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى خالايدىغانلار «قانداق قىلسام بولىدۇ؟» ياكى « قانداق قىلىمەن؟» دېگەن سوئالنى كۆپ سورايدۇ. ئۇنداقتا، تۆۋەندىكى قۇرلارغا داۋاملىق دىققىتىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.



نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ئىشەنچىنىڭ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ قايتا تىكلىنىشى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

**ئازار بەرگۈچى:**

دىققەت قىلىدىغان بىرىنچى مۇھىم ئىش: ئۆزىڭىزنىڭ ئىرىشمەكچى بولغىنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇڭ. مەسىلەن، سىرتتىكى ئايىغى چىقماس ئويۇندىن ياكى مۇھەببەتتىن نېمىگە ئىرىشمەكچى؟ كۆڭلىڭىزدە ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى نىكاھتىكى ھەمراھىڭىزدىن تەلەپ قىلسىڭىز بولامدۇ ـ يوق؟ قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزنى نىكاھ تۇرمۇشىڭىزغا تەسىر يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئورۇنلاشتۇرسىڭىز بولامدۇ ـ يوق؟ دېگەننى ئويلاڭ.

ئىككىنچى مۇھىم ئىش: ئىلگىرىكى مۇھەببەتلىك كۆڭلىرىڭىزنى كۆپرەك ئەسلەڭ، ئىرىشكەنلىرىڭىزنى كۆپتۈرۈپ قايتا ـ قايتا ئەسلەڭ. كۆڭلىڭىزدە مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.

ئۈچىنچى مۇھىم ئىش: سىرتتىكى ئويۇندىن ئىرىشىدىغىنىڭىزنى تەھلىل قىلىڭ، نىكاھ سىرتىدىكى مۇھەببىتىڭىزنىڭ قېرىپ ھالىدىن كەتكەن كۆرۈمسىز ھالىتىنى ئەسلەڭ ياكى قارشى تەرەپنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئەسلەڭ، كۆپتۈرۈڭ.

تۆتىنچى مۇھىم ئىش: سىرتتىكى ئويۇننىڭ ئاقىۋىتىنى، ئائىلىدىكى خاتىرجەمسىزلىكتىن پەيدا بولىدىغان ئاقىۋەتنى كۆپتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

بەشىنچى مۇھىم ئىش: ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزنى يەنە قايتىدىن تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

ئالتىنچى مۇھىم ئىش: ئۆزىڭىزنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىنى ئەسلەڭ. بالىلىرىڭىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىڭ. ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

ئايالىمۇ سىرتتا شۇنداق قىلسا قانداق قىلاتتىم؟

دېگەننى ئويلاڭ، ئايالىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ..

**ئازار يېگۈچى:**

دىققەت قىلىدىغان مۇھىم ئىش: پوزىتسىيەڭىز كەسكىن بولسۇن، ئەمما «ئاجرىشىمەن» دېگەن سۆزنى ئالدىراپ قىلماڭ.

بۇنداق ۋاقىتتا قارشى تەرەپنى چايناپ يۇرۇتۇۋەتكۈڭىز كېلىدۇ، بۇ نورمال ئىش. بىراق، ئۆزىڭىزنى يەنىلا بېسىۋېلىڭ. ئامال بار قارشى تەرەپنى ھاقارەتلەيدىغان گەپلەرنى ئورنىغا ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى، قانچىلىك دەرىجىدە ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆپرەك سۆزلەڭ. گەپ قىلغان ۋاقىتتا كەسكىن بولۇڭ، ئىمكانىيەت قالدۇرماڭ. يەنى «سىرتتىكى ئويۇندىن ئۆزىڭىزنى تارتمىسىڭىز نىكاھ تۇرمۇشىمىز ۋەيران بولىدۇ، شۇنىڭغا چىدىسىڭىز داۋاملاشتۇرۇڭ. بولمىسا كۆڭلىڭىزنى ئائىلىگە قايتۇرۇپ كېلىڭ» دېگەندەك قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىڭ. چوقۇم «سەندىن ئاجرىشىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى ئالدىراپ قىلماڭ. ئەلۋەتتە، ئاجرىشىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىڭىز ھەمدە ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى بېسىمنى، تۇرمۇشىڭىزدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى «قوبۇل قىلالايمەن» دېسىڭىز، بۇ چاغدا ئىختىيارىڭىز. چۈنكى، قارشى تەرەپ سۆھبەتتىن «مەن قانچىلىك تىرىشقىنىم بىلەن بەرىبىر ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ قالسا، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەس، بۇزۇشقا تەييارلىق قىلىشى مۇمكىن.

بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى

كەسكىنلىك بىلەن ئىپادىلەش، ئۆز ئارزۇسىنى بىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

نىكاھتا زىددىيەت كۆرۈلگەندە، ھەتتا قارشى تەرەپنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببىتى ئاشكارىلانغاندا بىلىپ تۇرۇپ ئىپادە بىلدۈرمىگەندە ياكى ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىمىگەندە. قارشى تەرەپكە كەڭچىلىككە ئېرىشكەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدىغان گەپ. بۇ قارشى تەرەپنى خاتا يولغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىتتىرگەنلىك بولىدۇ. «ئاياللىقتا قايتىش» ناملىق كىتابىمىدىمۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە توختالغاندا ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب، نۇرغۇن ئەر - خوتۇنلار مۇشۇنداق ئىشقا يولۇققاندا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالىدۇ.

يېقىندا بىر دوستۇم ھازىر ئەرلەر ئاياللارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋاپتۇ، «قانداقلا قىلسام چىشلەپ، مەن بىلەن ئاجراشمايدىغۇ» دەپ قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرىدىغان بوپتۇ. ئاياللارمۇ ئۇنداق قارانغا بۇنداق چۈمۈچ، دەپ ئەرگە بىلىندۇرمەي ئۆزى بىلگەننى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، دېدى. بۇنداق ھالەتتە ئۆي تۇتۇۋاتقانلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. بۇنداق ئائىلىلەردە بەخت تۇيغۇسى ئاجىز بولۇپلا قالماي ھەم نىكاھ مۇناسىۋىتىمۇ مۇستەھكەم بولمايدۇ.

ئۆز كۆڭلىدىكىنى كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغاندا، مەسىلەن: «بولىدى بەس، ئۇنداق ئىشلىرىڭنى توختات، بولمىسا نىكاھىمىز ۋەيران بولىدۇ. بالىلار ئاتىسىز يېتىم بولىدۇ. مەن تۇل قالىمەن، ھەممە نەرسە ۋەيران بولىدۇ. مېنىڭ تاقىتىم توشتى، ئەڭ ئاخىرقى چەككە كەلدۇق. چوقۇم ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ كېرەك» دېگەندە، ئازار بەرگۈچى تەرەپنىڭ كاللىسىدا «ئائىلەم ۋەيران بولۇشى مۇمكىن» دېگەن

ئەندىشىنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يەڭگىللىك بىلەن «ئاجرىشىپ كېتەيلى» دەيدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىكىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ قوبۇل قىلالىسىڭىز، ئاجراشمىسىڭىز يولدىشىڭىزنى شۇ يولدىن قايتۇرۇشقا ياكى شۇنىڭدىن قول ئۈزگۈچە بەرداشلىق بېرىشكە كۆزىڭىز يەتمىسە، ئايرىلىپ كېتىشنى تاللىسىڭىز بولىدۇ. بىراق، نىكاھ مۇناسىۋىتىدە مەسىلە كۆرۈلگەن ھەرقانداق بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇن بىر يەرگە كېلىپ نېمە سەۋەبتىن شۇ يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى، تاللىغان يولىنىڭ ئەۋلادلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەھلىل قىلىپ، بىر ـ بىرىگە قايتىدىن يۈزلىنەلىگەندىلا، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغىلى. شۇنداقلا ئىلگىرىكى بەخت تۇيغۇسىنىمۇ قايتىدىن تېپىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا نىكاھتىكى مەسىلە ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، شۇ خىل ياخشى كۆرۈش، ياقتۇرۇش سېزىمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئائىلە شەجەرىسى ئارقىلىق بۇنداق قېلىپنىڭ يەنە داۋاملىق تەكرارلىنىدىغانلىقىنى ئەسكە سالغاندا ئەقلىنى تېپىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئۇسۇلغا دىققەت قىلمىسا بولمايدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، «ئاياللىقۇا قايتىش» ناملىق كىتابىڭىزدا ئاياللارنىڭ يۇمشاق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدىڭىزغۇ؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭ «يۇمشاق بولۇش» دېگىنىم، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش بەدىلىدىكى يۇمشاق بولۇش ئەمەس، بەلكى يۇمشاقلىق ئىچىگە قاتتىقلىقنى يوشۇرالايدىغان يۇمشاقلىق. بۇنداق بولغاندا ئاياللار قانداق ۋاقىتتا قاتتىق بولۇشنى، قانداق ۋاقىتتا يۇمشاق بولۇشنى بىلەلەيدۇ. بۇنىڭدىكى ئىرادىسىنى قانداق كونترول قىلىش

كېرەك؟ بۇ نۇقتىدا كۆپ قىسىم ئاياللار قايمۇقۇپ قالىدۇ. مەندىن «مەن ھەممىلا ئىشتا يولدىشىمنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىۋاتىمەن. نېمىشقا، يولدىشىم مەن سىلىقلىق قىلغانسېرى ھەددىدىن ئاشىدۇ» دېگەن سوئالنى سورىغانلار بەك كۆپ. بۇ يەردە سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزمەي، ئىچىڭىزگە يۇتسىڭىز، ئەلۋەتتە قارشى تەرەپ سىزگە بارغانسېرى ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، زورۇر بولغاندا «بۇنداق قىلساڭ مەن بىئارام بولىدىكەنمەن، قاتتىق ئازابلىنىدىكەنمەن» دېيىشنى ۋە قارشى تەرەپتىن ئۆزگەرتىشنى مۇۋاپىق شەكىلدە تەلەپ قىلىشنى بىلىش.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بىر ئەر ئۆزى بىلەن نۇرغۇن يىلنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ئايالىنى قويۇپ بېرىپ، ياش كاتىپ قىزنى ئالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا قاتتىق ئازابلانغان ئايال يولدىشىغا مۇنداق دەپتۇ: مەن ئاجرىشىش تەلىپىڭىزگە قوشۇلىمەن، بىراق مېنىڭمۇ بىر تەلىپىم بار. بىز 40 كۈندىن كېيىن ئاجرىشايلى. ئەتىدىن باشلاپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغۇچە مېنى ياتاق ئۆيدىن ھاپاش قىلىپ ئېلىپ چىقسىز، چۈنكى بۇ ئۆيگە سىز مېنى ھاپاش قىلىپ ئېلىپ كىرگەنىكەنسىز، ھاپاش قىلىپ ئېلىپ چىقىشىڭىز كېرەك، دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەر ماقۇل بوپتۇ.

بىرىنچى كۈنى ئايالىنى ھاپاش قىلغاندا سەل ئوڭايسىزلىنىپتۇ. ئايالمۇ شۇنداق ھېس قىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياتاق ئۆيدىن چوڭ دەرۋازىغىچە ئايالىنى ھاپاش قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئايالمۇ ئارتىنمايدىغان بوپتۇ. ئايال ئەرنىڭ قولاق تۈۋىگە

ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى پىچىرلاپ دەيدىغان، ئەرمۇ باش لىڭشىتىدىغان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن بالىلار دەسلەپ زاڭلىق قىلىشقان بولسا، كېيىنچە دادىسىنىڭ ھاپاش قىلىشىنى ساقلاپ، ئەتراپىدا چۆرگىلىشىدىغان بولۇشۇپتۇ. 40 كۈن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاخىرقى كۈنى ئەر ئايالىنى ھاپاش قىلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقماي ئەكسىچە مېھىر بىلەن قاراپ تۇرۇپ: مەن سىزنى بىر ئۆمۈر ھاپاش قىلىشقا رازى دەپتۇ. دېمەك 40 كۈن جەريانىدا قۇلاق تۇۋىدىكى كۆيۈنۈش بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەر، بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرغان تىنىقلار ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى توسۇلۇپ قالغان مۇھەببەت بۇلىقىنى ئاچقانىدى.

ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئۇنتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئاسان ئۆزۈلۈپ كەتمەيدۇ. بۇنى ئەر ـ ئايال ئۆزئارا ھەل قىلالايدۇ ھەمدە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنى قايتا تېپىۋالالايدۇ. بۇنداق قىلمايدىكەن، مۇھەببەت ئاستا ـ ئاستا قىرقىلىپ، ئاخىر ھېچنېمە تەسىر قىلمىغۇدەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ ـ دە، يا شۇنىڭغا تەن بېرىدۇ، يا بولمىسا بىر ـ بىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خاتا تۇيغۇ.

يۇقىرىقىدەك خاتا تۇيغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ياردەم بەرسىمۇ ياكى پسىخىكا دوختۇرىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنى چىن كۆڭلىدىن ھەل قىلىش ئارزۇسى بولۇشى كېرەك، بولمىسا پسىخىكا دوختۇرىنىڭ ۋە قارشى تەرەپنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىكار بولىدۇ.

ئىككىنچى مۇھىم ئىش: قارشى تەرەپنىڭمۇ ئىشلىرى ئاشكارىلىنىپ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش، بىراق بۇنىڭدا «مېنىڭمۇ سەۋەنلىكىم بار» دېگەن گەپنى ئالدىراپ

قىلماسلىق كېرەك. بۇ گەپنى ئاچچىقى يېنىپ، قارشى تەرەپنى كەچۈرۈشكە تەييارلىق قىلغاندا دېسە بولىدۇ. سەۋەبى شۇكى، بۇنداق قىلغاندا بىر تەرەپتىن، ئازار يېگۈچى تەرەپنىڭ ئازابى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازار بەرگۈچى تەرەپكە باھانە ــ سەۋەب تېپىپ بەرگەنلىك بولىدۇ ھەم مەسىلىنى ھەل قىلىشقىمۇ پايدىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا «مەن ئاجرىشىمەن» دېگەن گەپنى قىلغاننىڭ ئورنىغا قارشى تەرەپتىن قىلمىشىنى توختىتىشنى كەسكىن تەلەپ قىلىش، ئۇنداق قىلمىغاندا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋىتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا سەگىتىش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولۇشى مۇمكىن.

## ئېتىراپ قىلىش

بۇ، بىر ــ بىرىنىڭ نىكاھ تۇرمۇش ئادىتىدىكى يۈزەكى سەۋەب بىلەن چوڭقۇر قاتلاملىق سەۋەبنى تەھلىل قىلىش، ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك. مەن بىلەن كۆپ قېتىم پاراڭلاشقان بىر ئايال مۇنداق دېگەنىدى:

ــ مەن ئىلگىرى يولدىشىم بىلەن ھېچقانداق بىر ئىشنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، تۇرمۇشۇمنى ئۇرۇش ــ تالاش ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتىمەن. كېيىنچە خاتالىقىمنى تونۇپ يولدىشىمغا يول قويۇپ، ھەممىلا ئىشنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۇرۇش ــ تالاش قىلغاندا چىقىمىغان ئىشلىرى مەن يول قويغاندا ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاندىم. ئويلاپ باقسام، مەن ئەر ــ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. ئېسىمنى بىلسەم دادام كېسەلچان بولۇپ، ئانام بىر تەرەپتىن سىرتنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلىدىكى ھەممە

ئىشنى قىلىدىكەن. مەن نورمال ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، ئەرگە مۇئامىلە قىلىشتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا ئەرگە تېگىپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن نىكاھ تۇرمۇشىدا شۇنچە يىللاردىن بۇيان يولدىشىمغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەي كەپتىمەن. «قانداق ياشىغۇم بار» دېگەننى ئويلاپ باقسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى تۇرمۇشتا ئۆز ئارزۇيۇمنى يوقىتىپ قويمىغان ئاساستا يولدىشىمنىڭ ئارزۇسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ماسلاشتۇرۇپ ياشىسام بولغۇدەك.

ئارىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىدە مەسىلە كۆرۈلگەندە ئەر ـ خوتۇن بىللە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىدىكى مەسىلىنى تەھلىل قىلىدىغانلار، ھەل قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە ئىزدىنىدىغانلار بەكلا ئاز. شۇ سەۋەبتىن، ئۆزلىرىدىكى مەسىلىنى ۋاقتىلىق ھەل قىلغاندەك قىلغان بىلەن، كۆپ قىسىملار پۈتۈنلەي ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى، نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىقى ئۈچۈن ئەر ـ خوتۇن ئورتاق تىرىشمىسا، ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۆزلىرىدىكى مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىش تۇنجى قەدەمنى ئالغانلىق بىلەن باراۋەر.

## كەچۈرۈش

بىر يەرگە كېلىپ بىر ـ بىرىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىغا پايدىسىز قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش. قېرىشتىكى مەقسەت، بىر ـ بىرىنىڭ يىغىرىنى ئېچىش، چاۋىسىنى چىتقا يېيىش بولماستىن، ئەكسىچە بىر ـ بىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، بىر ـ بىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزلىرىدىكى كەمچىلىكتىن ھالقىش، ئۆزلىرىنى يېڭىلاش، ئاخىرقى ھېسابتا بىر ـ بىرىنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلىش، قۇچاقلاش ھەم كەچۈرۈشنى مەقسەت

قىلىدۇ. چىن دىلىدىن كەچۈرەلىگەندە ھەقىقىي مەقسەتكە يەتكەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن. پەقەت ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇپ قالمىغاندا، شۇ گەپ - سۆزلەردىن ھالقىپ، بىر - بىرىنى كەچۈرۈش، قوبۇل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ئازار يېگۈچى تەرەپ چوقۇم كاللىسىدا قارشى تەرەپنىڭ سىرتتىكى ئويۇندىن قول ئۈزۈشىنىڭ تەسكە توختايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ھېچقانداق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت بولمىغان يېقىن مۇناسىۋەتتىن كېچىشكە جاسارەت، ئەقىل بولمىسا بولمايدۇ.

نىكاھ تۇرمۇشىدىكى زىددىيەتكە ئاساسلىق سەۋەبچى بولۇۋاتقان تەرەپمۇ قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە ئازار يېگەنلىك سەۋەبىدىن قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئامال بار تۇرمۇشتا ھەمراھىغا مېھىر - مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ بەك مۇھىم.

ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئىككىلا تەرەپ نىكاھ تۇرمۇشىنى ساقلاپ قېلىشنى چىن دىلىدىن خالىغان بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلارنى تۈگۈتۈپ تۇرۇپ ئۆزىمىزدىن شۇنداق سوئال سوراڭ:

بۇ نىكاھ مېنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمگە ئەرزىمدۇ؟ تۇرمۇشۇمدا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە ئەمەل قىلىدىغان پىرىنسىپلارنى بېكىتىپ، ئەمەل قىلىشنى خالامدىم - يوق؟ بالىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا چىداپ تۇرالامدىم - يوق؟ قارشى تەرەپنى يەنىلا ياخشى كۆرەمدىم - يوق؟ قارشى تەرەپنى كەچۈرەلەمدىم؟ ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش ئويۇم بارمۇ - يوق؟ دېگەنلەرنى ئويلىشىش. ناۋادا چىن دىلىدىن تۇرمۇشنى بۇزۇۋەتكۈسى بولمىسا، چوقۇم ئازار يېگۈچى تەرەپ

كەچۈرۈشكە، زىيان سالغۇچى تەرەپ ئۆزىنى سىرتتىكى ئويۇندىن تارتىپ، نىكاھتىكى ھاڭنى تولدۇرۇشقا ئورتاق نىيەت قىلمىسا بولمايدۇ.

## كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچ

بۇنىڭ ئۇچۇن يەنە قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟

بۇنىڭغا قىزىقىسىڭىز دىققىتىڭىزنى يەنە داۋاملىق تۆۋەندىكى قۇرلارغا ئاغدۇرۇڭ.

ئالدى بىلەن ئازار يېگۈچى تەرەپ ئۆزىڭىزنىڭ شۇ سەۋەبلىك غەزەپلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى، قارشى تەرەپنى چايناپ يۇركۇۋېتىشنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى نورمال ئىش دەپ بىلىڭ. بىراق، بالىلارغا قارشى تەرەپنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ، بالىلارنى ئازابلىشىڭىزغا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلسىڭىز بالىنىڭ قەلبىگە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بولىسىز.

**ئازار يېگۈچى تەرەپنىڭ غەزەپلىنىش ھوقۇقى بار**

بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە غەزىپى كەلگەنلىكىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈشتىن قورقماسلىقى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇنداق ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلاشقا ياكى قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئازابلاشقا بولمايدۇ. قارشى تەرەپنى قەلبىدىكى كەمتۈكلۈك، ئازاب سەۋەبلىك شۇنداق قىلغانلىقىنى ئويلىغاندا غەزىپىنى سەل ـ پەل باسقىلى بولۇشى مۇمكىن. يەنى بالىلىقتىكى ئېھتىياجىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، دېگەنگە ئوخشاش. بۇنداق ئويلىغاندا «مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئويلاشنىڭ ئورنىغا «ئۇ خاتالىشىپ قاپتۇ» دەپ ئويلىيالايدۇ ـ دە، ئازابىنى سەل ـ پەل

يەڭگىللىتەلەيدۇ. چۈنكى، ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى «مېنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ» دېگەن ئويىنىڭ باش كۆتۈرۈشى. بۇ قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغىنىدىنمۇ بەك ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاغزى چىڭ دوستلىرى بولسا دەردىنى تۆكۈپ يىغلىۋالسىمۇ ياكى يىراق جايغا بېرىپ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسىمۇ ۋە ياكى پۈتۈن كۈچىنى مەلۇم بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ شۇ ئىشقا كىرىشسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، دىققىتىنى ۋاقىتلىق چېچىش مەقسىتىگە يەتكىلى، ئاچچىقنى سەل بېسىپ، ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتقاندا، مەسىلە كۆرۈنۈشتە ھەل بولغاندەك، مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلگەندەك قىلغان بىلەن، قەرەللىك بومبىدەك تۇرمۇشقا تەھدىت سالىدىغان پىلتىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا مىسال ناھايىتى كۆپ. تۇرمۇشتا يولدىشىنىڭ نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببىتىنى بىلىپ تۇرۇپ كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئايال غەزىپىنى ئىچىگە يۇتىدۇ. بىراق، يولدىشىنى شۇ ئىشتىن ۋاز كەچۈرەلمەيدۇ. بۇ ئازاب ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ.

قەلبىدىكى غەزەپنى تۈگەتمىگەندە، مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي مەنىدىكى نورماللىققا قايتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئامال - چارىلەرنى قوللىنىپ بېقىشقا بولىدۇ. تۆۋەندىكىلەر كۆپ قىسىم نىكاھ مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەمەلىي مەسلىھەت جەريانىدا ئىشلىتىدىغان ئاچچىق چىقىرىش ئۇسۇللىرى.

**خەت يېزىش**

ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپكە قانچىلىك دەرىجىدە ئۆچ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى قايتا - قايتا يېزىش.

قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى قانداق ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان ئاچچىقنى قايتا ـ قايتا يېزىش ئارقىلىق ئۇنى بىر ساندۇققا تاشلاپ ھەر كۈنى داۋاملاشتۇرۇش. بۇ خەتلەرنىڭ ئىچىدىكى يولدىشىنىڭ قىلمىشىدىن قانداق ئازابلانغانلىقى، ئۆزىنىڭ قانداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى قارشى تەرەپكە ئوقۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئوقۇپ بەرگەننىڭ ئۈنۈمى ئوقۇپ بەرمىگەندىن ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، قارشى تەرەپ سىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلالايدۇ، بۇ ئىشنى تاكى سىزنىڭ يازغۇدەك ئاچچىقىڭىز قالمىغۇچە داۋاملاشتۇرسىڭىز بولىدۇ. ئاخىردا ئاچچىق قالمىغاندا ساندۇقنى خەتلەر بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسىمۇ، سۇدا ئېقىتىپ «ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئۆزىگە ياخشى بېشارەت بەرسىمۇ بولىدۇ.

بۇ قەدەمنى تاماملاش تەس. ناۋادا ئۆزى تاماملىيالمىغاندا، ئائىلە بويىچە پسىخىكا مەسلىھەتچىسىنىڭ ياردىمىدە تاماملىسىمۇ بولىدۇ.

بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلىڭىزدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەتنى سىزىپ چىقىپ، قىزىلىرىغا ئىسىملارنى، شۇ خىل مۇناسىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبىنىمۇ بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاڭ. ئاخىردا مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئاساسنى تېپىپ چىقىڭ.

قاراپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزنى قايسى تەرەپتىن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدىكەنسىز. ئۆزگەرتىش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشەلەيدىكەنسىز، شۇ پەيتتە تۇرۇۋەرسىڭىزچۇ؟ بۇلارنى دەڭسەپ بېقىڭ.

قاتتىق ئاچچىقىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا سۆھبەتلىشىشنى تاللىماسلىق كېرەك. ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان دەرىجىدە يىغلاش، ئۇرۇش - جېدەل قىلىش قارشى تەرەپ بىلەن يۈز تۇرانە پاراڭلىشىشقا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى توغرا ئۇسۇلدا يەتكۈزۈشكە پايدىسىز.

ئادەتتە ئائىلىدە نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت سەۋەبلىك زىددىيەت پارتلاپ، ئازار يېگۈچى تەرەپنىڭ كەيپىياتىدا نەپرەتلىنىش يۇقىرى سالماقنى ئىگىلىسە، ئازار بەرگۈچى تەرەپنىڭ كەيپىياتىدا تېزرەك قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسا، بۇ خىل كەيپىياتتا ئىشنى ياخشى تەرەپكە بۇراش تەس. شۇ سەۋەبتىن، ئازار يېگۈچى تەرەپ ئاچچىقىنى سەل بېسىۋېلىپ، ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر قەدەمنى ئىلىشقا تەييارلانسا بولىدۇ.

## بىر - بىرىگە يۈزلىنىش

**ئازار يېگۈچى تەرەپ:**

يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدىغىنىم، ئاجرىشىش سۆزىنى ئالدىراپ ئېغىزىڭىزدىن چىقارسىڭىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئاجرىشىش سۆزى قارشى تەرەپنى مەسىلىنى ياخشىلاشقا نىسبەتەن «ئۈمىد يوق ئوخشايدۇ» دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئاكتىپلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىڭ. بۇ سۆزنى ئېيتقاندا كەسكىن بولۇڭ. ئېھتىماللىق قالدۇرماڭ. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە شۇ ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز

بولىدۇ. لېكىن، «ھەممە مەسئۇلىيەت مەندە، مەن شۇنداق قىلمىغان ھەم شۇنداق بولمىغان بولسام» دېگەندەك گەپلەرنى ياكى ھەرىكەتنى ئىپادىلىسىڭىز بولمايدۇ ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ غەزىپىنى بېسىۋالالمىغان ياكى بىر تەرەپ قىلالمىغان ئەھۋال ئاستىدا قارشى تەرەپنى كەچۈرۈشكە ئۆزىڭىزنى مەجبۇرلىماڭ. چۈنكى، غەزەپ ھامان ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئەركىن بولالماسلىقىڭىزغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىڭىزنى، ئىنچىكە ھالقىلاردا چاندۇرۇپ قويغان ۋاقىتلىرىدا قانچىلىك بىئارام بولغانلىقىڭىزنى يوشۇرماي، ئەھۋال قانداق بولسا شۇ بويىچە ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇڭ. «قانداق ئويلاپ قالار» دېگەننى خىيال قىلماڭ. ئۆزىڭىزگە «بۇ كۈنلەر ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن» دەپ تەسەللى بېرىڭ. كاللىڭىزغا «ئۇ مېنى تاشلىۋەتسە قانداق قىلارمەن» دېگەن خىيال كېلىۋالسا، «ئۇ مېنى تاشلاپ بولغان تۇرسا» دەپ، ئۆز مەيدانىڭىزدىن قېيىپ كەتمەڭ. چوقۇم ئۇنىڭدىن نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتتىن قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىڭ. مەيدانىڭىز مۇستەھكەم بولسۇن. تەۋرىنىپ قالسىڭىز قارشى تەرەپتە ماڭا يەنە پۇرسەت بار ئىكەن، دېگەن خىيالنى پەيدا قىلىپ قويىسىز. بىراق، باشتىن ـ ئاخىر ئاجرىشىشنى ئېغىزدىن چىقارماڭ.

**ئازار بەرگۈچى تەرەپ:**

چوقۇم خىيالى تۇيغۇدىن ئۆزىڭىزنى تارتىپ، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببىتىڭىزنى رېئاللىقى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئويلىيالمىسىڭىز قايتا ـ قايتا ئەسلەڭ. ئاخىر بولمىغاندا «مەن بىلەن شۇنچە يىل بىللە ئۆتكەن بولسا قانداق بولاتتى» دېگەننى ئويلاپ، ھەمراھىڭىزنىڭ سىز ئەڭ ياقتۇرمايدىغان تەرىپىنى ئۇنىڭغا

يۆكلەپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزنى مۇ بولىدۇ.

ھەمراھىمىزنى ئەيىبلەشنى توختىتىلىڭ. ئۇنىڭ سىز سەۋەبلىك يەۋاتقان ئازابىمۇ يېتەرلىك. «شۇنچە كەچۈرۈم سورىسامۇ يەنە شۇنداق قاتتىقلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالماڭ. چۈنكى، بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ سىزنى دەرھال كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

قارشى تەرەپنىڭ گەپلىرىگە جىم تۇرۇۋالىدىغان ياكى زەربە بېرىدىغان ئىشنى قىلماڭ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مەيلى قانداقلا گەپ چىقسۇن، سەۋر قىلىڭ. «ئۇنىڭ شۇنداق قىلىش ھوقۇقى بار» دەپ ئويلىسىڭىزلا بولىدۇ. ھەتتا «ئاجرىشىمەن» دېسىمۇ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراڭ، ئۇنىڭ شۇنداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىدىن قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. ئەلۋەتتە، قارشى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

بىر ـ بىرىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ تۇرۇش مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمايدۇ. ئازار يېگۈچى تەرەپ ئازار بەرگۈچى تەرەپنى پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە سۆزلەيدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىت ئىچىدە سۆزىنى توختىتىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، گەپ ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئەھۋالنى كونترول قىلغىلى بولماي، مەزمۇن چېچىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. بىر تەرەپ سۆزلەۋاتقاندا يەنە بىر تەرەپ ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەشكە بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا قارشى تەرەپنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقلىرى، ئازابلىرىنى سۆزلىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىش كېرەك.

نۆۋەت ئازار بەرگۈچى تەرەپكە كەلگەندە ئۆز قىلمىشىنى بىلىنىقتىكى تاشلىنىپ قالغان مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئىنتىزار بولغان تەسىراتىغا باغلاپ سۆزلىسە بولىدۇ. بۇنىڭدا

ھەم ئۆزىدىكى مەسىلىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ ھەم قارشى تەرەپنىڭ ھېسداشلىقى، ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

ئازار بەرگۈچى تەرەپ ئازار يېگۈچى تەرەپنىڭ گېپىنى سەۋر قىلىپ ئاڭلاپ، دېگەنلىرىنى ئانچە - مۇنچە تەستىقلاپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ. «سەن مېنى ئالدىدىڭ، مېنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغاندا تۆۋەنچىلىك بىلەن «مېنىڭ شۇ ئىشىم سەۋەبلىك شۇنداق ئويغا كېلىپ قالغىنىڭ ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن» دېسە بولىدۇ. ناۋادا سەن مېنى، بالىنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ باقمايسەن» دېسە، «مەن يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمەپتىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى تەستىقلىسا بولىدۇ. «سەن تۇرمۇشتا ... ئىشلارنى توغرا قىلمىدىڭ، شۇڭا شۇنداق قىلدىم» دېگەندەك گەپلەرنى دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك گەپلەرنىڭ ئورنىغا «كەچۈر» دېسە، «بەكلا ئازابلىنىۋاتىمەن» دېسە ئۇنۇمى ياخشىراق بولىدۇ. بىر - بىرىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش بەكلا مۇھىم. ئازار يېگۈچى تەرەپنىڭ قارشى تەرەپنى كەچۈرۈشىگە، قايتىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەلكىم بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن قىسقىراق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. بىراق، مۇناسىۋەتنى قايتىدىن مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچنى تاماملاش بەكمۇ مۇھىم.

## نارازىلىقنى توسالغۇسىز ئىپادىلەش

يۇقىرىقى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئازار

بەرگــۈچى تەرەپ ئۆزۈنــدىن بۇيــان كۆڭلىــدە ســاقلاپ كەلــگەن نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلىسە بولىدۇ. بــۇ ۋاقىتتــا ئــازار يېگــۈچى تەرەپ ســەۋر قىلىــپ ئاڭلىــشى كېــرەك. بىــر - بىرىنىــڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى سەۋر قىلىــپ ئاڭلاشتىكى سەۋەب، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەپ چىقىرىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىــپ بېــرىش ئۈچۈنــدۇر. ئــازار يېگــۈچى تەرەپنىــڭ «ھەي توختــا. . . ئــازار يــېگەن ئــادەم مەن» دېگۈســى كېلىــشى مۇمكىن. بۇنــداق ۋاقىتتــا ئــۆزىڭىزنى بېــسىۋېلىڭ. ئۇمــۇ بىــر ياخشى ئاڭلىغۇچىغا، دەردىنى چىقىرىدىغان ئادەمگە موھتاج.

ئاچچىقنى چىقىرىش باسقۇچىنى تاماملىغانــدىن كېيــىن. بىــر - بىــرىگە يــاردەم بېرىــشكە تــوغرا كېلىــدۇ. ئەلــۋەتتە، يــۇقىرىقى باســقۇچلارنى تامــاملاش جەريانىــدا ئىككىــلا تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاجىز، ئەڭ بىچارە ھــالىتىنى نامايــان قىلىــدۇ. بىر - بىرىنىڭ شۇ ھالىتىنــى كــۆرگــەندىن كېيىن، قارشــى تەرەپنى قۇچــاقلاپ مېھىــر - مــۇھەببىتىنى ھــېس قىلــدۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتسە بولىدۇ.

ئــازار يېگــۈچى تەرەپ ئــازار بەرگــۈچى تەرەپــكە ئۆزىنىــڭ تەلىپىنى ئېيتسا بولىدۇ. يەنى «ھەر كــۈنى مەيلــى قانچىلىــك ئالــدىراش بولــۇڭ، ســائەت يەتتىــدىن بــۇرۇن ئــۆيگە كېلىــسىز. ماڭــا، باللارغــا كــۆپرەك ھەمــراھ بولــسىز. . . . . .» دېگەنــگە ئوخشاش.

## ئاچچىقنى چىقىرىش

بۇ باسقۇچقا كەلگەندە يۇقىرى ئاۋازدا تىللاش، ۋارقىــراش، دەرد ئېيتــىش، قارغــاش، يىغــلاش. . . ئىشقىلىپ جىسمانىي جەھەتــتىن زەربە بەرگەنــدىن باشــقا، ھەرقانــداق شــەكىلدىكى زەربىگە يول قويۇلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتىنى، ئورنىنى ئازار بەرگــۈچى

تەرەپ ئۆزى بېكىتسە بولىدۇ.

**ئاۋازنى قويۇۋېتىپ بىللە ۋارقىراش**

بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزىنىڭ كاللىسىغا كەلگەن ئوي ـ خىياللىرىنى دەۋالسا بولىدۇ.

**جېدەل قىلىش**

ھەر ئىككى تەرەپ كىم ئالدى بىلەن سۆزلەيدىغانىنى، ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە سۆزنى توختىتىشنى كېلىشىۋېلىپ، قەلبىدىكى ئەڭ كۈچلۈك غەزىپىنى سۆزلەپ چىقىرىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپ قۇلاققا بىر نەرسە سېلىۋالسىمۇ بولىدۇ.

**ئۈچىنچى شەخسنى ھاقارەتلەش**

ئازار يېگۈچى تەرەپنىڭ ئۈچىنچى شەخسنى ئازار بەرگۈچى تەرەپنىڭ ئالدىدا پۈخادىن چىققۇچە تىللىۋالغۇسى كېلىدۇ. بۇنىڭمۇ ۋاقىت چەكلىمىسى بولىدۇ. بۇ ياخشى پۇرسەت. ئۆز كۆڭلىگە كەچكەن گەپلەر بىلەن تىللاش بىلەن تەڭ، ئازار بەرگۈچى تەرەپتىن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سوراپ بىلىۋالسا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئازار بەرگۈچى تەرەپ «ئۇ سەندىن چىرايلىق ئىدى، ئۇ سەندىن كېلىشكەنىدى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلسا قەتئىي بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قانداق ۋاقىتتا، قانداق ئورۇندا، قانداق مۇناسىۋەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق تەپسىلاتلارنى ئۇنتۇش تەسكە توختايدۇ ھەمدە بۇ قايتا بىر قېتىملىق زەخمە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ باسقۇچنى تاماملاشنىڭ ئازار يېگۈچى تەرەپ ئۈچۈن ئۈچىنچى شەخسنىڭ سايىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە پايدىسى بولىدۇ.

**جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلارنى بوشىتىش مەشقى**

يۇقىرىقى باسقۇچلارنى تاماملاش جەريانىدا بەكلا جىددىيلىشىپ ھەم چارچاپ كېتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىچ ـ

ئىچىدىن قاتتىق كۆلۈش ئارقىلىق جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىنى بوشاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازابىمۇ يېنىكلەيدۇ.

**ياستۇق ئۇرۇش ئويۇنى**

ياستۇق ئۇرۇشنىڭ ھەم ئاچچىقنى چىقىرىش ھەم ئاردىكى قىزغىن ھېسسىياتنى قوزغاش ئۇنۇمى بولىدۇ.

بۇنىڭدا بىرقانچە پەي ياستۇقتىن كىچىك تۆشۈك تېشىپ، بىر ۋاقىتتىنى كېلىشىپ بىر ـ بىرىگە ئېتىپ، ئۇرۇپ ئوينىسا بولىدۇ. ناۋادا ئازار بەرگۈچى تەرەپنىڭ قولىدىكى ياستۇقنىڭ پەيلىرى بۇرۇن تۈگىسە، قارشى تەرەپنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، قوللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىسا بولىدۇ. ناۋادا ئازار يېگۈچى تەرەپنىڭ بالدۇر تۈگىسە ياكى ئۇرۇشنى خالىمىسا «بولدى، مەن سىزنىڭ پۇتىڭىزنى تۇتاي، يېڭىلدىم» دېيىش بىلەن بىرگە نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەتكە ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىسا بولىدۇ (ناۋادا نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت ئەمەس، كىچىلىرى ئۆيگە كىرمەي قارتا ئويناش دېگەنگە ئوخشاش نىكاھ تۇرمۇشىنى، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى تەسىرگە ئۇچرىتىدىغان تۇرمۇش قىلىقىدا ياشاۋاتقانلار بولسا ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللارنى ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىپ باقسا بولىدۇ).

## بالىنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى يۇيۇش

ئەمدىكى گەپ بالىنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى قانداق يۇيۇشتا قالىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى بالا بىلەن ئويۇن ئويناش، بالىغا كۆيۈمچان ھەمراھ بولۇشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەر ـ خوتۇن بىلەن بىرلىكتە بالىلار ئوينايدىغان ئويۇننىڭ

ئەھمىيىتى شۇكى، ئويۇن ئارقىلىق خۇددى تىياتىر كۆرگەندەك ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىدىكى مۇناسىۋەت قېلىپىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ.

بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن ئويۇن ئويناشقا ئادەتلەنمىگەن.

بۇ خىل ئويۇندا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق كىمىرىنى تاشلاپ بالىلار بىلەن تەڭ ئويناىدۇ. شۇنداق قىلالىسا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئائىلە مۇناسىۋىتىدە زادى قانداق مەسىلە كېلىپ چىققانلىقىنى خۇددى رەسىمدە كۆرگەندەك كۆرەلەيدۇ. بىراق، ئويۇننى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. يەنى، ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئون مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ چوقۇم بىرلىكتە ئوينىغاندا، ئاندىن ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ.

ئويۇن ئويناشقا كېتىدىغان ماتېرىيال:

ماي بوياق قەلەم، بوياق، بور، قەغەز، قارا دوسكا، رەسىم جاھازىسى، قورچاق، ئۆي مودېلى، ئۆي سايمانلىرى، تۈرلۈك مودېللار، بوكسيور خالتىسى، دۇمباق ۋە ئويۇنچۇق تاپانچا... قاتارلىقلار.

چوڭ ياشتىكى ئۆسمۈرلەر رەسىمگە قاراپ ھېكايە سۆزلەش، ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، شاھمات ئويناش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينىسىمۇ بولىدۇ.

كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ھەر خىل ئويۇنچۇقلار قاچىلانغان سېۋەتتىن ئويۇنچۇق ئېلىپ، شۇ ئويۇنچۇقنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ، ئاخىرىنى بالىغا سۆزلىتىش، سۆزلەيدىغان مەزمۇن ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك ياكى رەسىم سىزدۇرۇپ، رەسىمدىكى ھېكايىنى سۆزلىتىش ئويۇننى ئوينىسىمۇ بولىدۇ.

يەنى، بىر ئۆيدە ئېيىق دادا، ئېيىق ئانا، ئېيىق بالا

بىرلىكتە ياشايدۇ، ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟
دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بالا ئېيىق دادا، ئېيىق ئانىنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئارىدا ئارىلىق قويىدۇ. ئۇلارنىڭ كەيپىياتىمۇ ئانچە ياخشى بولمايدۇ. ئەر - ئايال ئائىلىدىكى ھەرىكەت قىلىپىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بالىنىڭ قەلبىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېچىل - ئىناق ئوبرازىنى قايتا تىكلىگەندىن كېيىن، بالا تەبىئىي ھالدا ھېكايىدىكى ئېيىق دادا، ئېيىق ئانا، ئېيىق بالىنى خۇشال ياشاۋاتقان، بىرگە ئويناۋاتقان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.
ھەر كۈنى10 مىنۇت ئەتراپىدا ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە ئويۇن ئويناپ، ئويۇن جەريانىدىكى بالىنىڭ كەيپىياتى، ھەرىكىتى، سۆزى ئارقىلىق ئائىلىسىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان كەيپىياتقا نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولسا بولىدۇ. چوڭلارنىڭ بالىلارغا ھېس قىلدۇرۇۋاتقان شۇ كەيپىياتىنىڭ سۈسلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئويۇن مەزمۇنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

تۆتىنچى بۆلۈم

# ھاياتقا مۇھەببەت



# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يىغىسى

قارلۇق شىركىتى تەشكىللىگەن بىر قېتىملىق لېكسىيەدە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى RACHELA.HARRIS (ئۇيغۇرچە ئىسمى رائىلە، تۆۋەندە رائىلە خانىم دەپ ئالىمەن) ئۇيغۇر ئاياللىرى نېمە سەۋەبتىن كۆپ يىغلايدۇ؟ دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى. رائىلە خانىم ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيەسىدىكى يېزىلاردا ئېلىپ بارغان ئىككى ئايغا يېقىن زىيارىتى داۋامىدا كاللىسىدا پەيدا بولغان تۇيغۇسىغا ئاساسەن يۇقىرىقى سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە بۇ سوئال مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. چۈنكى، ئىلگىرى نۇرغۇن ئاياللار بىلەن سۆھبەتلەشتىم. دېمەك ئۇلارمۇ كۆپ يىغلايتتى. مېنىڭ ئاياللار بىلەن بولغان ئالاقەم كۆپ ھاللاردا قەلب بىلەن قەلبنىڭ ئالاقىسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يىغىسىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئۆزۈمدىن بۇيان ئويلىنىپ كېلىۋاتاتتىم.

مەن بىلىدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئازاب تارتقاندا يىغلايدۇ. چەكسىز قانائەت ھېس قىلىپ شادلانغاندىمۇ يىغلايدۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئازاب تارتقانلىقىنى كۆرگەندىمۇ يىغلايدۇ، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقتىن كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرگەندە تەڭ كۆز يېشى قىلىدۇ. ئۇلار ھېسسىياتقا شۇنداق بايكى، سۇغا ئوخشاش ئاسانلا سىڭىشىدۇ، ئېرىيدۇ، ئەل بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى سۆيگەندە خۇددى ئېقىن سۇ چاچقاپ يېرىلغان كەڭ سايغا سىڭگەندەك، ئۆزىنىڭ نېمىگە

ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ مۇھەببىتىنى ئاتا قىلغاندا قايتىپ كېلىشىنى تەمە قىلمايدۇ. پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆيىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سۆيگۈسى. خۇددى زېمىن بىلەن زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىش، بىر ـ بىرىگە ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغانغا ئوخشاش قەلبىدە ئوتتەك مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئايالنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە قايتۇرىدىغان ئەرنىڭ مۇھەببىتى بولغاندا، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن تۈگىمەس مۇھەببەت ئېنېرگىيەسىگە ئېرىشىدۇ. شۇندىلا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭپۇڭلۇققا ئىگە بولىدۇ.

**ئۇيغۇر ئاياللىرى نېمە سەۋەبتىن يىغلايدۇ؟ (1)**

ئاتا قىلغان مۇھەببەتكە يارىشا مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي يىغلايدۇ. ئاياللار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. سۆھبەت جەريانىدا ئۇلاردىن «ئەرنىڭ قانداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز؟» دەپ سورىدىم. مەيلى قىزلار بولسۇن ياكى ئاياللار بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك «ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچان، كۆيۈمچان، مۇھەببىتىنى ئاكتىپ ئىپادىلەيدىغان، قىزغىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاياللار بىلەن مۇڭداشقاندا «ياخشى كۆرەمدىكىن دېسە ياخشى كۆرمەيدىغاندەك، ياخشى كۆرمەمدىكىن دېسە ياخشى كۆرىدىغاندەك، قىزغىن ھەم ئاكتىپ ئەمەس، يا قىزىقىنى، يا سوغۇقىنى، يا ئاچچىقىنى، يا تاتلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ... بىرقانچە كۈن بولدى بۇتناپ گەپ قىلماي يۈرىدۇ...، ھەممە ئىشنى مەن كۆتۈرسەم، ئۇ غوجام يەپ ـ ئىچىش، ئۇخلاشتىن باشقا غەمنى قىلمىسا... ئەلۋەتتە ماڭىمۇ ئازراق كۆڭۈل

بۆلۈپ قويسا، ۋاقىت ئاجراتسا قانچە خۇشال بولۇپ كېتەتتىم...» دېگەندەك گەپلەرنى كۆپ ئاڭلايمەن.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى سۆيەتلەردىن ئەرلەرنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدە بولىدىغان ئېرىشىش، قانات ئاستىغا ئېلىش، يۆلەنچۈك بولۇشتەك جاسارەتنى، ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سىڭىشىش، ئەل بولۇش، ئاسرىلىش بەختىيارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. كۆز ئالدىمىزغا كېلىدىغىنى پەقەت يەككە ھالەتتىكى ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئادەم خۇددى قارىمۇ قارشى ئېتىلغان ئىككى يا ئوقىنىڭ بىر - بىرى بىلەن كېسىشمەي، سىڭىشمەي يانمۇ يان ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدەك.

توي قىلغىلى ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن قاتتىق جېدەللىشىپ، ئەر ئايالنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ، ئايال شۇ سەۋەبلىك ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىش جەريانىدا شۇ دوختۇرخانىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق بىر دوختۇرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بوپتۇ. ئايال دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئەر شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى ئىزدەپ، ھال - ئەھۋال سوراپ تۇرۇپتۇ. ئائىلىدىكى سوغۇق مۇئامىلە سەۋەبلىك كۆڭلى سۇنغان بۇ قىز ئۇ ئەرنىڭ قىزغىن مۇھەببەت ئىزهار قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىپ، بىر تەرەپتىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەرنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئويلاپتۇ. مانا شۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقان ئايال ئاخىر بىر كۈنى ئۇ ئەرگە «مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. يولدىشىمدىن ئاجرىشىپ سىز بىلەن توي قىلاي دەيمەن» دەپتۇ. ئۇ ئەر «سىز بەك ئارتۇق ئويلىۋالدىڭىزمۇ - قانداق!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز نېمە دېيىشنى

بىلەلمەي، ئاخىر ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى ئويلاپ كەتمەيدۇ؛ ئۆز ھاياتىدا باشقىلارنى ئويلاش، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسى كۈچلۈك. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مۇھەببەت ئېنېرگىيەسى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېغىشلاشتەك يۈكسەكلىككە ئىگە. بىراق، بۇ خىل يۈكسەك مۇھەببەت ئېنېرگىيەسى قوبۇل قىلىشقا، تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان مۇھەببەت ئېنېرگىيەسىگە ئېرىشىپ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىشمىگەندە، ئايالنىڭ مۇھەببەتتى خۇددى مەنبەسى ئېتىلگەن ئېقىن سۈيىدەك ئۈزۈلۈش خەۋپىگە دۇچار بولىدۇ ياكى ئايالنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن باسقان ھەربىر قەدىمى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى خارلاش، ئۆزىنى ئازابلاش قەدىمىگە ئايلىنىدۇ.

ئەكسىچە، شۇنى كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، مۇھەببەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى قەلبى، مۇھەببەتنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىدىغان بىر ئايال يولدىشىنىڭ بىر – ئىككى ئېغىز گېپى بىلەن يولدىشىدىن، ئائىلىسىدىن ئاسانلا ۋاز كەچمەيدۇ. كۈچلۈك تارتىش كۈچىگە ئىگە بولغان مۇھەببەت چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ ياكى باشقا مۇھەببەت چەمبىرىكى ئەتراپىدا مەنبەدىن ئايرىلغان بۇلاق سۈيىدەك قۇرۇپ تۈگەشنى خالىمايدۇ. رېئاللىقىمىزدا ئۆز مۇھەببىتىنى ئاتا قىلغان ھەمراھىنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا، سۆيۈشىگە ئېرىشەلمەي ياشاۋاتقان ئاياللار نۇرغۇن. سوغۇق مۇئامىلە، تىل – ھاقارەت، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىكى زەربە، خورلۇق، نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت قاتارلىقلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى ۋەيران قىلىش كۈچىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

يېڭىلا ئىككىنچى بالىغا ئېغىر ئاياغ بولغان بىر ئايال مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئادەتتىكى ئەھۋالدىلا ئەمەس، مەن ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىمۇ مەندىن قانداقراق خوتۇن، دەپ ئەھۋال سورىمايدۇ. قورسىقىمنى كۆتۈرەلمەي پۇشۇلداپ قالسامۇ، ئايىغىمنى ئېيتىمۇ ئېتىۋەتكىنە؛ پۇتۇم ئاغرىپ تۇرىدۇ، تۇتۇپ قويغىنە، دەيدۇ. ئەمما، بىرەر قېتىم ئىششىپ كەتكەن پۇتۇمغا قاراپ قويغىنىنى بىلمەيمەن».

رائىلەنىڭ قويغان سوئالىدىن كېيىن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم. ئاخىر مەلۇم خۇلاسىگە كەلگەندەك بولدۇم. بىراق، بۇ خۇلاسە مەيلى ئادەمنى خۇشال قىلسۇن ياكى خاپا قىلسۇن، يەنە بىرقاتلاملىق ئويلىنىشقا تېگىشلىك خۇلاسە بولدى.

**ئۇيغۇر ئاياللىرى نېمە سەۋەبتىن كۆپ يىغلايدۇ؟ (2)**

ئاياللىق تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ يىغلايدۇ. سەۋەبى ئايالنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاياللىق تەبىئىتىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئېلېمېنتلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىرغا قەدەر يىغلاۋاتقان نۇرغۇن ئاياللار بىلەن مۇڭداشتىم. ئۇلار ئەرلەرنىڭ ھەقىقىي ئەرلىك تەبىئىتى بىلەن ئۆزلىرىگە يۈزلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەسئۇل بولۇش، قانات ئاستىغا ئېلىش، ئاسراش، كۆڭۈل بۆلۈش، روھىي تۈۋرۈك بولۇشنى خالايدۇ.

— ئەرنىڭ قولى پۇل كۆرسە، خوتۇن – بالىلىرىغا بولغان مېھىر – مۇھەببىتى سۇسلاپ كېتەمدۇ – قانداق؟

— بىز بىلەن مۇڭداشمايدۇ...

بۇ يەنە بىر ئايالنىڭ ماڭا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ دېگەن

سۆزى. ئۇ ئايالنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، يولدىشى پۇل تاپقاندىن بۇيان ئائىلىگە بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەتتا پاراڭلاشمايدىغان، بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. ئايال سەۋەبىنى سورىسا:

ــ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ــ دەپلا پاراڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن. بىر قېتىم ھەتتا ئۇ ئۆيگە كەلگەندە قىزلىرىم ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقسا، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي سىلكىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزلىرىم قاتتىق يىغلاپ كېتىشتى. مەن كۆڭلىنى ياساپ «داداڭلار چارچاپ كېتىپتۇ، خاپا بولماڭلار» دېدىم. بۇ خىل ھالەتنىڭ داۋام قىلىۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولۇپ قالدى.

ھەقىقەتەن مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى تاماسىز ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش، ئۆزىنى ئاتا قىلىش. بىراق، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۆيگۈ ئىگىسىنىڭ قەلبى مۇھەببەتكە قانغان بولۇشى شەرت. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاتا قىلغان مۇھەببەتنىڭ ھەرۋاقىت قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۆزىنىڭ چاڭقىغان قەلبىنى سۇغىرىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈكسەك مۇھەببەتكە ئىنتىلىدۇ. ئۆزىنى بېغىشلاش روھى كۈچلۈك. بىراق، ئۇلارنىڭ قەلبى مۇھەببەتكە تولغان قەلب ئەمەس. ھەقىقەتەن بىز ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەلبىنى مۇھەببەتكە تويۇنغان قەلب دېيەلمەيمىز. ئاتا - ئانىنىڭ، ئەتراپتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشى، ئاسرىشى بىلەن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان، ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئوخشاشلا ئىككى ھەمراھىنىڭ مۇھەببەت چەمبىرىكى ئىچىدە پەرۋىش قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان دېيەلمەيمىز. ئادەمدە نېمە كەم بولسا شۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى مۇھەببەتكە ئىنتىلىدۇ. بىراق، بۇ خىل مۇھەببەت كۆرۈنۈشتە تاماسىز مۇھەببەت بولغان بىلەن، ئۇلار كۆچلۈك مۇھەببەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇيغۇر ئەرلىرىمۇ ئوخشاشلا بىر ئەر بولغۇچى ئۆزىگە تەۋە مۇھەببەت چەمبىرىكىنى قانداق ھاسىل قىلىش، سۇغىرىشنى بىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت تەسىراتى ۋە ئۇلگە كەمچىل، شۇ سەۋەبتىن ھەمراھىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇھەببەت ئېھتىياجى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى كۈچلۈك مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆيىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلىش، تېخىمۇ كۈچەيتىش ئېڭى كەمچىل. ئۇلار كۆپرەك تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بېغىشلاشنى خالاپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ، ئۇيغۇر ئەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق.

**ئۇيغۇر ئاياللىرى نېمە سەۋەبتىن يىغلايدۇ؟ (3)**

ئەرنىڭ باغرىدىكى ئەسلىي ئورنىغا قايتالماي يىغلايدۇ. ئايالنىڭ تۇتقان يولى ئۆزىنى ئازابلىماسلىق، خار قىلماسلىق ئاساسىدىكى ئاتا قىلىش يولى، ئەرنىڭ تۇتقان يولى قانات ئاستىغا ئېلىش، ئاسراش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولى ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە يىغلامدۇ؟ مېنىڭچە ئەر ۋە ئايال ئۆز تەبىئىتىنى ئاڭلىق تونۇغان ئاساستا، بىر ـ بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مۇھەببەت ئېھتىياجىغا تېگىپ كېتىدىغان ھەرقانداق بىر ئېغىز سۆز ۋە ھەرىكەت سەۋەبلىك كۆز يېشى قىلىشتىن، ئاستا ـ ئاستا تۇرمۇشتىكى يولۇققان ھەرقانداق بىر مەسىلىگە كۆلۈپ مۇئامىلە قىلالايدىغان

ھالەتكە ئۆتۈشى مۇمكىن. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاياللىق تەبىئىتىگە قايتىش بىلەن، ئۆزىنى سۆيۈش ۋە ئۆزىنى روھى جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈش مەسىلىسىگە نىسبەتەن توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى تەكىتلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، بىر قىسىم ئاياللار بۇ نۇقتىنى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاياللىقا قايتىش دېگەنلىك ئۆزىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىك، ئۆزىنى قوبۇل قىلغاندا ئۆزىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆزىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئايال ئۆزىنى ئازابلىمايدۇ، تەبىئىي ھالدا يىغا ئازلايدۇ.



مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى ــ تاماسىز ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش، ئۆزىنى ئاتا قىلىش. بىراق، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۆيگۈ ئىگىسىنىڭ قەلبى مۇھەببەتكە قانغان بولۇشى شەرت. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاتا قىلغان مۇھەببەتنىڭ ھەر ۋاقىت قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۆزىنىڭ چاڭقىغان قەلبىنى سۇغىرىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى.

# ئىناق ئائىلە

بىز ئائىلىدە تۇغۇلىمىز، ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىمىز، ئائىلىدە ئەڭ دەسلەپكى خاتىرجەملىك، بەخت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىمىز، شۇنداقلا ئائىلىدىن سىرتقى دۇنياغا يۈزلىنىمىز. قۇرامىمىزغا يەتكەندىن كېيىن ئائىلىدىن ئېرىشكەنلىرىمىز ئاساسىدا يېڭى بىر ئائىلە قۇرىمىز.

پۈتكۈل ھاياتىمىزدا ئائىلىدىن ئايرىلالمايدىغان بولغاچقا، بىزدە شۇنداق بىر ئىنتىلىش بار. يەنى، ئىناق ئائىلىگە تەلپۈنىمىز. ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش - جېدەل بولمىغان، باللار ئەدەپ - ئەخلاقلىق، گەپ ئاڭلايدىغان... ئەمما بىز قانچە تەلپۈنگەنسېرى، بۇنداق تۇرمۇشقا يېتەلمەيۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىمىز.

چۈنكى، رېئاللىقتا ئەر - خوتۇنلار ئۆزئارا جېدەللىشىپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. باللار ئاتا - ئانىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقماي، ئاتا - ئانىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. «بىز ئىناق ئائىلە قۇرالمىدۇق» دەپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلايمىز.

بىز ھەقىقەتەن ئىناق ئائىلە قۇرالمىدۇقمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، ئوخشاش بولمىغان ئائىلە مۇھىتى، ئائىلە تەربىيەسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىككى ئادەمنىڭ مۇستەقىل بىر ئائىلە قۇرۇشىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش جەريانىنى باشتىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، ماسلىشىش جەريانىدا ئەلۋەتتە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئۇششاق سۈركىلىشتىن

ساقلىنىش تەس (ماسلىشىش جەريانى ھەتتا بەش، ئون يىل داۋاملىشىشىمۇ مۇمكىن). بىراق، ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بۇ جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇزۇن مۇساپىلىك مۇقىملىشىش جەريانىنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرسەم: ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى، ئارزۇسى بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئارزۇسىنىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىشى ناتايىن. ھېچ بولمىسا شۇنىڭغا يېتىشتە تاللايدىغان ئۇسۇلى، ئوي - خىيالىدا پەرق بولىدۇ. دېمەك، بۇ جەرياندا سۈركىلىشتىن ساقلىنىش تەس. ھەرقانداق ئەر-خوتۇن بىر ئۆمۈر جېدەل - ماجىراسىز ئۆتمەن، دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش، زىددىيەتلەرنى بىر خىل نورماللىق دېيىشكە بولىدۇ.

پەرزەنتكە كەلسەك، ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانا بالىنىڭ ئۆز ئارزۇسىدىكىدەك ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، رېئاللىق شۇكى، پەرزەنتىمۇ مۇستەقىل ئادەم. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوي - خىيالى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. بالىنىڭ تاللىغان يولىنىڭ ھەرۋاقىت بىزنىڭ ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولۇشى ناتايىن. بەزىدە گاڭگىراپ قالىمىز. شۇ سەۋەبتىن، بالىنىڭ بەزىدە گېپىمىزگە كىرمەسلىكى ئوخشاشلا بىر خىل نورماللىق.

ئۇنداقتا، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە سۈركىلىشتىن ساقلىنالماسلىقى، بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقماسلىقى نورمال ئەھۋال بولسا، ئەر - خوتۇن سۈركىلىشتىن خالىي، بالىلار ئاتا - ئانىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىدىغان ئائىلىلەرنى قانداق ئائىلە دېيىش كېرەك؟ بۇنى پەقەت شۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

— ئۇ پەقەت بىزنىڭ نىشانىمىز.

شۇ سەۋەبتىن، «ئىناق ئائىلە قۇرالمىدۇق» دەپ ئۈمىدسىزلىنىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت ئىناق ئائىلىگە تەلپۈنىدىغان ھەر بىرىمىز ئائىلىدە سۈركىلىش پەيدا بولغاندا ئۇنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋالساقلا بولىدۇ. ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلغاندا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىپ تۇرمۇشىمىزنى بەخت ۋە خۇشاللىققا تولدۇرالايمىز؟ ئەلۋەتتە بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە ھەر بىرىمىز ئۆز رولىمىزنى، يەنى ئەر بولغۇچى ئائىلىدە ئەرلىك رولىنى، ئايال بولغۇچى ئائىلىدە ئايالنىڭ رولىنى، بالا بولغۇچى ئائىلىدە بالىنىڭ رولىنى ياخشى ئالساقلا بولىدۇ.

بەلكىم «شۇنداق قىلىۋاتىمىزغۇ!» دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. راستتىنلا شۇنداق بولسا، بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. چۈنكى، نىكاھ تۇرمۇشىڭىزدا بەخت ۋە خۇشاللىق تۈيغۇسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، سىز ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرەلىگەن بولىسىز. ناۋادا شۇنداق بولمىسىمۇ ھېچقىسى يوق. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ قايسى جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقانلىقىڭىزنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

يىگىت ۋە قىز كۆچلۈك ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەسلىدىكى ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ يېڭىدىن بىر ئائىلە قۇرىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئالىدىغان رولىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. قىز ئاياللىق، يىگىت ئەرلىك رولىنى ئالىدۇ. ناۋادا نىكاھ تۇرمۇشى داۋامىدا ئائىلىدە ئەر ئەرنىڭ رولىنى، ئايال ئايالنىڭ رولىنى ياخشى ئالالمىسا، مۇناسىۋەتتە مەسىلە كۆرۈلىدۇ. ئۇنداقتا نىكاھلىنىشتىن

بۇرۇن بىر ـ بىرىنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق خاراكتېرى بىلەن تەلپۈندۈرگەن قىز ـ يىگىتلەر نېمە سەۋەبتىن نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەرلىك ۋە ئاياللىق رولىنى ياخشى ئالالمايدۇ؟

ئەرلەر ئاياللارنى قوغلىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. ئەرلەر باشقۇرۇلۇشنى، ئاياللارنىڭ چېپىلىشىنى، كۆپ گەپ قىلىپ بېشىنى ئاغرىتىشنى خالىمايدۇ. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئاسرىشىنى، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئايىماسلىقىنى، قانات ئاستىغا ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. قانات ئاستىغا ئېلىش دېگەنلىك، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇمىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنى يوقىتىپ قويغاندا ھامان زىددىيەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا قىز ـ يىگىتلەر كۈچلۈك تەلپۈنۈشنىڭ تۈرتكىسىدە بىز يەرگە كېلىدۇ، دەپ ئۆتتۇپ كەتكەنىدۇق. نىكاھلانغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە بولغان تەلپۈنۈشى بىر ـ بىرىدىن ئېرىشكەن مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، مەسىلە دەل بىر ـ بىرىدىن تەلەپ قىلغان مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەندە پەيدا بولىدۇ. يەنى قارشى تەرەپتىن كېلىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئاجىز بولغاندا، يەنە بىر تەرەپ ئاتا قىلىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئاجىزلىتىش ئارقىلىق قارشى تەرەپكە ماسلىشىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدىكى قانۇنىيەت بولۇپ، ئاتا قىلغان مېھىر ـ مۇھەببىتىگە يارىشا مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەندە، ئاتا قىلىدىغان مېھىر ـ مۇھەببىتىمۇ تەبىئىي ھالدا تەدرىجىي ئاجىزلىشىدۇ. بۇ خۇددى مەنبەدىن ئايرىلغان ئېقىن سۇنىڭ ھامان قۇرۇپ تۈگىگىنىگە ئوخشاشلا ئاددىي ئىش. قالىدىغىنى

پەقەتلا ئادەتلىنىپ قېلىش ياكى ئامالسىزلىق ۋە ياكى تاشلاپ كېتىش بولۇشى مۇمكىن.
گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئەر ـ خوتۇنلار نېمە سەۋەبتىن ئەسلىدىكى جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ ياكى ئەسلىدىكى ماسلىقنى ساقلاپ قالالمايدۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىر قىسىم سەۋەبىنى ئۆلارنىڭ ئەسلى ئائىلىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدىكى ئېھتىياج

پەرزەنت ئانىنىڭ قورسىقىغا تۆرەلگەندىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىنىڭ كەيپىياتىنى، بىر ـ بىرىگە بولغان ھېسسىياتىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ياكى سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلالايدۇ. بولۇپمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىلىق بولغانلىقىدىن خۇشال ياكى پەرۋاسىز ۋە ياكى پۇشايمان قىلىدىغان كەيپىياتىنى بىۋاسىتە ھېس قىلالايدۇ. بۇ نۇقتا تېببىي ساھەدە ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىنىپ بولغان.
دېمەك، ئادەم ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپلا مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ ھەمدە مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئۈزلۈك قىلىپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت تەسىراتى ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپلا يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئەلۋەتتە، ئادەمنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى تۇغۇلغاندىن تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ھەرقايسى باسقۇچلاردا ئوخشاشمىغان شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. بالىنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى تۈرلۈك ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلسا، يەنى بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاتىنىڭ ۋە ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە قېنىپ چوڭ بولسا، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۈلگە ئالغىنى

بويىچە ئەتراپىدىكى يېقىن كىشىلىرىگە مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزىدۇ ۋە مېھىر - مۇھەببەت قوبۇل قىلىدۇ. ئائىلىدىكى ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ ئائىلىدىكى رولىغا نىسبەتەن تونۇشىمۇ ئېنىق بولۇپ، نىكاھلانغاندىن كېيىن ئاسانلا ئۆزىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىق رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئەلۋەتتە، مېھىر - مۇھەببەتكە قانمىغان بەزى كىشىلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن بەختنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان ۋە بەختكە تېخىمۇ ئىنتىلىدىغان بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق كىشىلەر ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى يەڭگەن، پىسخىكا جەھەتتىكى ئۆسۈشكە ئېرىشكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى تورمۇشتىكى غالىبلار دېيىشكە بولىدۇ.

بىراق، ھەرقايسى ياش باسقۇچىدىكى پىسخىكىلىق ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ئادەمنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى پىسخىكىلىق ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى قىستۇرۇپ ئۆتۇشكە توغرا كېلىدۇ.

**بوۋاقلىقتىكى ئىنكاس باسقۇچى:** ئادەم دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى بولۇپ يىغلاش ئارقىلىق سىرتقى دۇنياغا ئۇچۇر تارقىتىدۇ. يىغلاش، ئاڭلاش، ئاۋاز چىقىرىش ئادەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىقتىدارى. بۇ خىل ئىقتىدار ئادەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پىسخىكىلىق ئېھتىياجىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يەنى، بوۋاقلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى كۆرۈش، ئاڭلاش، تۈرلۈك ئاۋازلارنى چىقىرىش ئېھتىياجىنىڭ قېنىش ياكى قانماسلىقى كېيىنكى سۆزلەش، ئاڭلاش، كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشىغا

بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپ 10مىنۇتتىن كېيىنلا ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرەلەيدىغانلىقى تېببىي ئىلىمدە ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. شۇڭا، بالا يېڭى تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭ ئىنكاسىغا دىققەت قىلىش، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

**بوۋاقلارنىڭ مۇھەببەت ئېھتىياجى باسقۇچى:** بوۋاقلار ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىشى، سىلىشى، باغرىغا بېسىشى، تىكىلىپ قارىشى ئارقىلىق ئانىسى بىلەن بولغان تۇنجى قەدەملىك مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلايدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ بەش كۈندىن ئالتە ئايلىققىچە بولغان باسقۇچتا ئانا بىلەن سۈركىلىش ئېھتىياجى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. يەنى، ئانىنىڭ سىلىشى، باغرىغا بېسىشىدىن بالا بۇ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ئەگەر بۇنداق ۋاقىتتا بوۋاق ئانىنىڭ قوينىدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالسا، تۇنجى باسقۇچلۇق پىسخىكىلىق ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان بولىدۇ - دە، بۇ بالىدا ئەڭ دەسلەپكى قەلب زەخمىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

**ئۈچ ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان باللارنىڭ تۇنجى قېتىملىق قارشىلىشىش باسقۇچى:** بۇ مەزگىلگە كەلگەندە باللاردا ئۆزىنى «ئايرىم شەخس» دەپ قاراش ئېڭى شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، چوڭلار بىرەر نەرسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇ كىمنىڭ دېگەندە، «مېنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىككىنچى پەرزەنتى تۇغۇلۇپ، تۇنجى بالىغا يېتەرلىك مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزەلمىگەندە بالا قاتتىق ئازار يەيدۇ، كۆڭلىدە ئاسانلا «ئانام مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دەپ ئويلىشالىدۇ. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ ئېڭىدا «ئانام مېنىڭكى» دېگەن ئاڭ پەيدا بولۇپ، ئانىنىڭ باغرىدا يەنە بىر

بوۋاقنى كۆرگەندە بالىلارنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئانا بوۋاقنى باغرىغا باسقاندا، دادا چوقۇم چوڭ بالىسىنى باغرىغا بېسىشى ياكى ئانا كىچىكىنى قويۇپ قويۇپلا چوڭىنى قۇچىقىغا ئېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، سۆز ئىشلىتىشكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «قارا، ئۇكاڭ بەك ئوماق» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئورنىغا، «قارا، ئۇكاڭ ساڭا ئوخشاش ئوماق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىش بەكلا مۇھىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىككى بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۇرۇقى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يېڭى تۇغۇلغاندىن تارتىپ يەتتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالىدا سۆركىلىش ئېھتىياجى، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، مۇھەببەت ئېھتىياجى بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى شۇ خىل ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىسا، ئۇنىڭدا قەلب زەخمىسى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى پىسخىكا جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ.

**يەتتە ياشتىن توققۇز ياشقىچە بولغان باسقۇچ:** بۇ مەزگىلدە بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن تەلەپ قىلىدىغان مۇھەببەت، بىخەتەرلىك، سۆركىلىش ئېھتىياجىدىن باشقا دوست تۇتۇش، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناش ئېھتىياجىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇ مەزگىلدە بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ، دوستلىرىنىڭ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە، ماختىشىغا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە بەكرەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ ھەمدە بۇنداق سۆزلەرنىڭ بالىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بولغان تەسىرىمۇ ئالاھىدە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى مۇكاپاتلاشقا، ماختاشقا

ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار سىنىپتىكى ھەربىر بالىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەكشى ماختاشقا، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشقا، مۇكاپاتلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇشۇ باسقۇچتىكى بالىلار ئاتا - ئانىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپىنى ھەقىقەت دەپ ئويلايدىغان بولغاچقا، ئاتا - ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسى دۆت دېسە، ئۆزىنىڭ دۆتلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئەقىللىك، ھەممە ئىشنى قىلالايسەن دەپ ماختىسا ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئېھتىياجىنىڭ قېنىش ياكى قانماسلىقى بالىلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، مۇشۇ باسقۇچلۇق ئېھتىياجىنىڭ قانائەت تاپماسلىقى بىلەن بالىلاردا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، كەمسىتىش، ئۆز ئىقتىدارىغا ئىشەنمەسلىك، مەكتەپنى ياخشى كۆرمەسلىك، تاپشۇرۇق ئىشلىمەسلىك قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

**توققۇز ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان باسقۇچ:** بۇ، بالىلاردا ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغان مەزگىلى بولۇپ، بۇ چاغدا بالا ئاتا - ئانىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپىنى بىردىنبىر ھەقىقەت دەپ ئويلىمايدۇ. توققۇز ياشتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى، ئىدىيەسى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. مۇشۇ باسقۇچتا بالىلارنىڭ شۇ خىل تەرەققىياتىغا ھۆرمەت قىلىش ھەم بالىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشتىن باشقا، ئۇلارغا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىشتىن ساقلىنىش، چوڭلار ئۆز پىكرىنى بالىغا ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

**12 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان مەزگىل:** بۇ، بالىلارنىڭ بالاغەتكە يېتىش باسقۇچى بولۇپ، غۇرۇر، ئىشەنچ، ھۆرمەت ئېھتىياجى، ئېتىراپ قىلىنىش ئېھتىياجى. سىرداش دوست تۇتۇش ئېھتىياجى، سىر ساقلاش ئېھتىياجى، يات

جىنسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئېھتىياجى كۈچىيىدۇ. بولۇپمۇ، غۇرۇر، ئىشەنچ، ھۆرمەت ئېھتىياجى ئالاھىدە مۇھىم بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزىدە مۇشۇ خىل ئېھتىياجىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان مەزمۇن بولۇپ قالسا، باللارنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بۇ مەزگىلىدىكى باللار باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشىنى، غۇرۇرىغا تەگمەسلىكىنى، پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالماسلىقىنى خالايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى، ئوقۇتقۇچىسى بالىنىڭ شۇ خىل ئېھتىياجىغا سەل قارىغاندا، ئاتا ـ ئانىسى، ئوقۇتقۇچىسىدىن بىزار بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن قاچۇرىدۇ. مەسىلەن، ئائىلىدە ئۆزىنى ئۆيگە سولىۋېلىشى، تورخانىلارغا كىرىشى، بالدۇر تاماكا، ھاراقنى ئۆگىنىۋېلىشى، مۇھەببەتكە بېرىلىشى... مۇمكىن. ھەتتا يامان يوللاردا مېڭىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، تەربىيەلەش ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. باللاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى توغرا چۈشىنىش، باللار بىلەن دوستانە ئۆتۈش، باللارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلەش، باللارنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىش، ئۇلار بىلەن سىردىشىش، ئۆزىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق باللار بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە باللارغا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلماي، مەسلىھەت تەرىقىسىدە گەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. باللارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئېھتىياجىنىڭ قېنىش ياكى قانماسلىقى باللارنىڭ كەلگۈسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە خىزمەت ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچ

دەل باللارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قارشىلىشىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى.

**18 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان قۇرامىغا يېتىش باسقۇچى:** بۇ باسقۇچتا ئادەمنىڭ جورا ئىزدەش، جورىسى بىلەن ياخشى ئۆتۈش، ئائىلە قۇرۇش، پەرزەنت كۆرۈش، ئائىلە ئىقتىسادىنى، ئائىلىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، بىرقانچە جانجىگەر دوستى بولۇش قاتارلىق ئېھتىياجلىرى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ خىل ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلمىسا ياكى تەسىرگە ئۇچرىسا، ئادەمدە كەيپىياتى ناچارلىشىپ، ھاراق، تاماكىغا بېرىلىش، قىمار ئويناش، قالايمىقان دوست تۇتۇش، ئائىلە بىلەن كارى بولماسلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

دېمەك، ئادەم ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپلا مەلۇم بىر خىل پسىخىكىلىق ئېھتىياج ئىچىدە ياشايدۇ. شۇ خىل ئېھتىياجلىرى قانائەت تاپسا پسىخىكا جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىشلار ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن.

يەنە باشتىكى گېپىمىزگە كەلسەك. ئادەم ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج بولىدىغان تۇرۇقلۇق، نېمە سەۋەبتىن نىكاھلانغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە يېتەرلىك مېھىر - مۇھەببەت بېرىپ، ئىناق ئائىلە قۇرالمايدۇ؟

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن بۇ سوئالغا مەلۇم دەرىجىدە جاۋاب تاپقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. يەنى ئادەمنىڭ مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىش ۋە باشقىلاردىن مېھىر - مۇھەببەت قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى قەلبىدىكى مېھىر - مۇھەببەت

تەسىراتىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

بىراق بۇمۇ يېتەرلىك جاۋاب ئەمەس! ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ئەسلىدىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىگە بولغان تونۇشنىڭ ئېنىق ياكى ئېنىق بولماسلىقى.

ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مەيلى ئوغۇل پەرزەنت بولسۇن ياكى قىز پەرزەنت بولسۇن، ئالدى بىلەن ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن پەرۋىش قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ جەرياندا بالا ئانىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. يەنى، بالا ئانىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى، قوغدىشى بىلەن ئۆزىنى كۈچلۈك، بىخەتەر سېزىدۇ. بۇ جەرياندا بالا بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدا روھىي جەھەتتىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ. بىراق، بۇ خىل تەسىر، روھىي جەھەتتىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى داۋامىدا بالىغا ئىزچىل ھەمراھ بولسا بولمايدۇ، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئۆزلۈك ئېڭى كۈچىيىدىغان، دوست تۇتۇش، ياشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ئېھتىياجى باش كۆتۈرىدىغان ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇش بىلەن ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئاجىزلىمىغاندا بالىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قىز پەرزەنت ۋە ئوغۇل پەرزەنت ئانا بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى بېقىندىلىقتىن ئاستا ـ ئاستا ئاتىنىڭ تەسىر چەمبىرىكىگە كىرىشنى باشتىن ئۆتكۈزمىسە بولمايدۇ.

ئوغۇل پەرزەنت ئانا بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى بېقىندىلىقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاتىنىڭ تەسىر چەمبىرىكىگە كىرىپ، ئاتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ھەقىقىي بىر

ئەر بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. قىز پەرزەنت ئانا بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى بىقىندىلىقنى تاماملىغاندىن كېيىن ئوخشاشلا ئاتىنىڭ تەسىر چەمبىرىكىگە كىرىدۇ ۋە ئەر ـ ئاياللىق جەلپ قىلىش كۈچىگە نىسبەتەن ئەڭ دەسلەپكى تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. بىراق، قىز پەرزەنتنىڭ ئاتا بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى بىقىندىلىقى ئوغۇل پەرزەنت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئوخشاش ئۇزۇن مەزگىللىك مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ. قىز پەرزەنت چوقۇم يەنە ئانىنىڭ تەسىر چەمبىرىكىگە قايتىپ كېلىشى كېرەك. سەۋەبى، قىز پەرزەنت پەقەت ئانىسى بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى يېقىنلىق ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئاياللىقىنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئانىسىنى ئېتىراپ قىلغىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئاياللىقىنى ئېتىراپ قىلغىنى بولىدۇ. مەيلى قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنت ئۈچۈن بولسۇن، يۇقىرىقى جەريانلار بەكلا مۇھىم. شۇڭلاشقا يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى يەنىمۇ كونكرېت چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مەيلى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ياكى مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان نەپرەتتىن بولسۇن، ئائىلىدىكى ئوغۇل پەرزەنت چوقۇم ئانىسى بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى بىقىندىلىقتىن قۇتۇلۇشى كېرەك. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندىلا ئوغۇل ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەرلىك ئورنىنى توغرا تاپالايدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ھېسسىيات جەھەتتە ئانا بىلەن بولغان بىقىندىلىقنى تاماملىغاندىلا، ئوغۇل ھەقىقىي ئەرگە ئايلىنىپ، بىر ئائىلىدە ئەرلىك ئورنىنى ساقلىيالايدۇ، شۇنداقلا بىر ئاياللىڭ ئېرى بولالايدۇ.

بۇ جەرياننى ئۇبرازلىق ھالدا يەنە تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەشكە بولىدۇ: بىر ئوغۇل بوۋاق مەزگىلىدىن باشلاپلا

ئانىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قەلبى ۋە ئىدىيەسىنى تەبىئىي ھالدا ئانىنىڭ تەسىر كۈچى قاپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ئېڭىدا ئاياللارغا تۇرلۇك ئامال - چارىلەر بىلەن ياخشىچاق بولۇش، ئۇلاردىن نەپكە ئېرىشىش خىيالى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. ئوغۇلنىڭ بۇ خىل ئېڭىدا يېڭىلىنىش بولمىغاندا، يەنى ئاتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن يېڭىلانمىغاندا، بىر ئايالنى ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا سۆيۈش ئىقتىدارى نورمال يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ خىل يېڭىلىنىشقا ئېرىشىش ئۇچۇن ئوغۇل چوقۇم ئانىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن بارا - بارا ئاتىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىشى كېرەك.

ئىلگىرى ئوغۇللار مەلۇم ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئائىلىدىن ئايرىلىپ ئاتىسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنەتتى ياكى ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆز ئىگىلىكى ئۇچۇن ئۇياق - بۇياققا چاپاتتى. ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرمىگەن تەقدىردىمۇ ھۈنەر ئۆگەنگىلى ئۇستىلارغا ئاپىرىپ بېرىلەتتى. يەنى، ئانىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن ئايرىلىپ، ئەرنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرەتتى. ھازىر ھۈنەرگە بېرىدىغان، ئارقىغا سېلىپ ھۈنەر ئۆگىتىدىغان ئىش يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ سودا - سېتىقتىن تارتىپ، ئېتىز ئىشىغىچە ئانىنىڭ تەسىرى بار. ھازىر ھەتتا تىكاھلانغۇچە ئائىلىدىكى ئوغۇل پەرزەنت ئانىنىڭ تەسىرى ئىچىدە ياشايدۇ، ھەتتا نىكاھلانغاندىن كېيىنمۇ ئانىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولمىغان ئائىلىلەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ھەقىقىي ئەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا شۇنداق ئۇلگە كەم. بۇ نۇقتىنىڭ

مۇھىملىقىنى ئاڭلىق تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىش بەكلا مۇھىم. چۈنكى تونۇغاندىلا، ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

قىزلار ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوخشاشلا ئانىنىڭ تەسىر چەمبىرىكى ئىچىدە ياشايدۇ. بىراق، ئۇلار قېرىنداشلىرى ۋە دادىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئاستا - ئاستا دادىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بۇ جەرياندا ئەرلەرنىڭ تارتىش كۈچىگە نىسبەتەن مەلۇم تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. قىزلار ئانىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە قايتىپ كەلمەي، نىكاھلانغۇچە ئاتىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە ئاتا بىلەن روھىي جەھەتتىكى يېقىنلىق ئىچىدە ياشىسا يەنىلا پايدىسىز. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ يېقىن ھەمراھى بولالىشى مۇمكىن. بىراق، پىشىپ يېتىلگەن ئايال بولالىشى، يەنى ئەرنىڭ قارشىسىدىكى ئاياللىق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ھەقىقىي ئايال بولالىشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۈچۈن قىز چوقۇم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئانا بىلەن روھىي جەھەتتىكى يېقىندىلىقتىن چىقىپ ئاتىغا يېقىنلىشىش، ئاتا بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى يېقىندىلىقتىن ئاستا - ئاستا يەنە ئانىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشتەك جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئاياللىقىنى ھەقىقىي تۈردە قوبۇل قىلالايدۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي ئاياللىق ئورنىنى ساقلىيالايدۇ.

بىزدە ئوغۇل ئانىغا يېقىن، قىز ئاتىغا يېقىن دېگەن گەپ بار. رېئاللىقتا ھەقىقەتەن ئانىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان ئوغۇللارنى ئۇچرىتىمىز. ئانىسىغا قارىغاندا دادىسى بىلەن گېپى بىر يەردىن چىقىدىغان، دادىسى بىلەن مۇڭدىشىدىغان قىزلارنى ئۇچرىتىمىز. بىراق، ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى

تەڭپۇڭلۇق شۇكى، قىز ئانىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ھەقىقىي ئايال بولالايدۇ. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ھەقىقىي ئەركەك بولالايدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئەر - خوتۇن، پەرزەنت مۇناسىۋىتىدە تەڭپۇڭلۇق بولىدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئانىلاردا، ئاتىلاردا بالىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تەسىرات پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ناۋادا ئائىلىدە شۇنداق ماسلىق بولسا ئويلاپ باقمىغان دەرىجىدىكى قانائەتكە ئېرىشەلەيسىز. چۈنكى، ئاتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىۋاتقان ئوغۇلنىڭ ئانىغا بولغان ھۆرمىتى، ۋاپادارلىقى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئانىسى بىلەن يېقىن قىز ئاتىسىنى تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش قېلىپىدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى تېخىمۇ تەبىئىي ۋە چوڭقۇر بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، ناۋادا يۇقىرىقىدەك ماسلىق بولمىغاندا، ئەر ۋە ئايال بولغۇچى ئۆزلىرى، شۇنداقلا پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئاغلىق ھالدا تەدبىر قوللانمىسا بولمايدۇ. يەنى: —

— قىزىم سىز ئانىڭىزغا ئوخشاش ئەقىللىك.

— مىجەزىڭىز ئانىڭىزدەك يېقىشلىق.

— ئانىڭىزغا ئوخشاشلا شۇنداق نەرسىلەرنى ياقتۇرىسىز، مەن سىزدىن بەكلا سۆيۈنىمەن.

— بارغانسېرى ئانىڭىزغا ئوخشاپ قېلىۋاتىسىز. نېمىدېگەن ياخشى... دېيىش ئارقىلىق قىز بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدىكى روھىي جەھەتتىكى يېقىنلىقنى قايتا تۇرغۇزۇش كېرەك.

ئانىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئۇسۇلنى قوللانسا بولىدۇ. يەنى:

— ئاتىڭىز بىلىدۇ.

— ئاتىڭىز نېمە دەيدىكىن.

— ئاتىڭىزنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى.

— بۇنداق ئىشنى ئاتىڭىز بولغان بولسا مۇنداق قىلاتتى.

— سىز ئاتىڭىزغا ئوخشاشلا قالتىس ئادەم بولىدىكەنسىز...

دېگەنگە ئوخشاش گەپ - سۆزلەر ئارقىلىق ئوغۇلنىڭ قەلبىدە ئاتىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ئاتا بىلەن ئوغۇلنى روھىي جەھەتتە يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك.

ئەلۋەتتە، روھىي جەھەتتىكى يېقىندىلىقنى تاماملىشىغا ياردىمى بولسۇن دەپ، ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشكە، چەتكە قېقىشقا ياكى سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئەكسىچە ئۇنۇم بېرىپ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ، ئەرلىك ۋە ئائىلىلىق رولىنى ئېلىشى تېخىمۇ تەسكە توختىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا، ئائىلىدىكى قىز - ئوغۇللارنىڭ ئاتىنىڭ ۋە ئانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان ياكى ئۇچرىماۋاتقانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا بالىنىڭ قايسى تەرەپكە بەكرەك مايىللىقىغا، قايسى تەرەپنىڭ پىكرىنىڭ مۇھىم ۋە كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا ۋە قايسى تەرەپنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بەكرەك مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقىغا قاراش ئارقىلىق ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، ئائىلىدە ئوغۇل ئانا بىلەن بىرلىشىپ ئاتىنىڭ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر ئىزدىسە، ئاتىنى چۈشۈرىدىغان گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەردە بولسا، قىز ئاتا بىلەن بىرلىشىپ ئانىدىن نارازى بولسا، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر ئىزدىسە ۋە ئانىنى ئەيىبلىسە، ئەمەلىيەتتە ئاتىنى ياكى ئانىنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئايال ياكى ئەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقتا باراۋەر بولىدۇ.

ئاتىدىن ھەقىقىي ئەر بولۇشنى ئۆگەنگەن يىگىت ئائىلىدە ئەرنىڭ رولىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان

بولغاچقا، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى مۇقىم ساقلىيالايدۇ. بۇنداق ئەرلەر ئادەتتە ئايالىغا سادىق بولىدۇ. ئەكسىچە، توختىماي ئوبيېكت ئالماشتۇرىدىغان ياكى ئايالالارغا يۈلىنىۋالىدىغان، ئايالىق خاراكتېرى كۈچلۈك ئەرلەر ئانىسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان بالا ئەرلەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار يەنە داۋاملىق ئايالالارنىڭ چەمبىرىكى ئىچىدە خاتىرجەم ياشايدۇ، ئائىلىدە ئەرنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

## ئائىلىدىكى ماسلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەتنى تەڭشەش

ناۋادا ئائىلە مۇناسىۋىتى مېھىر - مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەت بولۇپ، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىدىن تەلەپ قىلىدىغان مېھىر - مۇھەببەتتىن قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ كۆڭلىرىنى خاتىرجەملىك ۋە بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتكۈزسە، بۇنداق تۇرمۇشتا چوقۇم بىر يۇقىرىدا دېگەن ماسلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، يەنى ئەر - ئايال ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاتا قىلغان بەختلىك ئائىلە قۇرالايدۇ. ئەر ئائىلىدە ئەرلىك تەبىئىتىنى، ئايال ئاياللىق نازاكىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. خۇددى تارازىنىڭ ئىككى بېشىدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق، ماسلىق بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تۇرمۇشنى باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك ئانچە - مۇنچە سۈركىلىش بولىدۇ. بىراق، سۈركىلىشتىن كېيىن ئارىدىكى ماسلىق تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئېغىزدا دەپ قويسىلا ياكى شۇنى ئارزۇ قىلسىلا شۇ خىل تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت بولمىسا بولمايدۇ. يەنى، ئەر ۋە ئايال

بولغۇچى چوقۇم قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى بولىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئەستىن چىقارماي قوغداشلىقى كېرەك. بۇ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرت.

يەنە تەكىتلەيدىغىنىم شۇكى، ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى ئەستىن چىقارماي قوغداشلىقى كېرەك. چۈنكى، نىكاھ تۇرمۇشىدا بىر تەرەپ ئاتا قىلىپ، يەنە بىر تەرەپ قوبۇل قىلىشنىلا بىلىپ، قايتۇرمىغاندا، ئارىدا مېھىر - مۇھەببەتلىك ھەقىقىي ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئائىلىدە ئالىدىغان رولى بىر ئەرنىڭ ياكى بىر ئايالنىڭ رولى بولماستىن، بىر بالىنىڭ ياكى بىر ئانىنىڭ رولىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بالىنىڭ رولىنى ئالغۇچى ئانىسىدىن ياكى ئاتىسىدىن قاچقاندەك ھەمراھىدىن قاچىدۇ ۋە ياكى ئانىنىڭ رولىنى ئالغۇچى بالىسىنى چەكلىگەندەك، باشقۇرغاندەك نىكاھتىكى ھەمراھىنى چەكلەپ، قارشى تەرەپنى ئائىلىدىن بىزار قىلىپ تېخىمۇ قاچۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەر ۋە ئايال بولغۇچى ئائىلىدە ئۆز رولىنى چوقۇم ئېنىق تونۇشى كېرەك.

بەزىلەر ھەر بىر رايون ياكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس ياشاش ئادىتى، تۇرمۇش شەكلى، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت قېلىپى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بىراق، كىشىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببەتكە بولغان ئېھتىياجى مەيلى قايسىلا جايدا بولسۇن، قانداقلا ئادەم بولسۇن ئوخشاش بولىدۇ. پەقەتلا بىر - بىرىگە ئاتا قىلىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئىنتىلىش دەرىجىسىدىمۇ پەرق بولۇشى مۇمكىن.

شۇ سەۋەبتىن، مەيلى قانداق ئائىلە قېلىپىدا ياكى

تۇرمۇش شەكلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولسۇن، هاياتىمىزدا مېھىر ـ مۇھەببەتلىك، ئىناق ئائىلە قۇرىمەن دەيدىكەن، ئۆز تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك. مەسىلەن، خوتۇنغا كۆيۈنمەيدىغان ياكى خوتۇنىنىڭ بالا تۇغۇشتىن، ئاش ـ تاماق ئېتىشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوق، دەپ قارايدىغان بىر ئەر مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ئىناق ئائىلە مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم كاللىسىدىكى ئۇ خىل قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، «مەن مېھىر ـ مۇھەببەتكە قانچىلىك موھتاج بولسام، ئۇمۇ شۇنداق موھتاج» بولىدۇ دەپ ئويلاشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئايال ئايالىق جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقىتىپ بارغانسېرى ئەردىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالايدۇ. ئەرمۇ بارغانسېرى ئەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتقان ئايالنىڭ ئالدىدا ئايالىلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنالايدۇ.

ئەر ۋە ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاتا قىلغىنىنىڭ تەڭپۇڭ ياكى تەڭپۇڭ ئەمەسلىكىنى قانداق ئۆلچەيمىز؟

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، ئەر ـ خوتۇن ماسلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاتا قىلىدىغان مېھىر ـ مۇھەببىتى تەڭپۇڭ هالەتتە بولۇشى كېرەككەن. ئۇنداقتا، رېئاللىقتا قانداقلا ئۆلچىسە ئايالارنىڭ ئاتا قىلىدىغىنى ئەرلەردىن يۇقىرىدەك بىلىنىدۇ. بۇنىڭدا قانداقمۇ تەڭپۇڭلۇق بولسۇن؟ دېگۈچىلەر چىقىشى مۇمكىن.

بۇ يەرگە كەلگەندە بىر مىسال قىستۇراي:

بىر جۈپ قىز ـ يىگىت نىكاھلىنىپ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئائىلىدىكى يۈكنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئىناق ئائىلە قۇرۇشقا ۋەدىلىشىپتۇ. تويدىن كېيىن ھەقىقەتەن قىلغان ۋەدىسى بويىچە ئىش تەقسىماتىنى ئايرىپ، ناھايىتى ئىناق ياشاپتۇ. بىراق، ئايال ئېغىر ئاياغ بولۇپ بالا تۇغقاندا مەسىلە كۆرۈلۈپتۇ. يەنى، ئائىلىدە يۈكنى بەكرەك

ئايال ئۆزى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، يولدىشىدىن نارازى بولۇشقا باشلايتۇ.

بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئەر ــ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى، ماسلىقنى پەقەت ئىش تەقسىماتىدىكى تەڭپۇڭلۇق دەپ قارىۋالغان. ئەگەر بۇ ماسلىقنى پەقەتلا ئىش تەقسىماتىدىكى تەڭپۇڭلۇققا باغلاپ قويغاندا، بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەر ۋە ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيىتىدىن باشقا ھېسسىيات جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشىش، يەنى بىر ــ بىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئاتا قىلىۋاتقىنىغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن قاراش، ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى قارشى تەرەپكە ھېس قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ يەردە بۇ خىل تەڭپۇڭلۇقنى تارازىغا سېلىپ ئۆلچىگىلى ياكى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ سېلىشتۇرغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. پەقەت بىر ــ بىرىدىن قانائەت ھېس قىلىدىغان، رازى بولىدىغان روھىي ھالەتنى ئۆلچەم قىلغاندا، بۇ خىل ئىچ ــ ئىچىدىن چىققان خاتىرجەملىك، بەختىيارلىق تۇيغۇسى قانائەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

رېئاللىقتا ئاياللارنىڭ ئائىلىدە قىلىدىغان غېمى كۆپرەك بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىرتتا قىلىدىغان ئىشى، غېمى كۆپرەك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردىمۇ بىر خىل تەڭپۇڭلۇق بار.

ئەر جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ ئائىلىدىكى ئايال، بالا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئايال كۆپرەك ئائىلىدىكى ئىشلارغا باش قاتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى تەڭپۇڭلۇق دەل مانا مۇشۇ يەردە. ناۋادا بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغاندا، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى تەۋرىنىدۇ.

بەلكىم «ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىدىم» دېگۈچىلەر چىقىشى مۇمكىن. بىراق، ئائىلىدە ئېغىرراق يۈكنى كۆتۈرۈۋاتقان ئايالدىن «يولدىشىڭىزنىڭ سىز ئۈچۈن ئېغىرلىقىڭىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشىنى خالامسىز» دەپ سورىغاندا، «شۇنداق قىلغان بولسا تولىمۇ ياخشى بولاتتى» دېگىنىنى ئاڭلايمىز. كۆنبويى سىرتتا يۈرۈپ ئائىلىدىكى ئىشلار بىلەن كارى بولمايۋاتقان ئايالنىڭ ئېرىدىن ئوخشاش بۇ سوئالنى سورىغاندا، ئېرىشىدىغان جاۋابمۇ ئەلۋەتتە ئوخشاش بولىدۇ.

ئەنە شۇ ئائىلە بەرپا قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم شەرت — ئاتا - ئانا بولغۇچى ئائىلىدە پەرزەنت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پەرزەنتكە يېتەرلىك دەرىجىدە مېھىر - مۇھەببەتنى بېرىشى كېرەك. بۇ جەرياندا ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق تەربىيە سىڭدۈرۈش بەكلا مۇھىم. مەسىلەن، غايە، نىشان تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇھىت ۋە ئادەملەر بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇش ۋە پىكىرلىشىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش، كىچىكىدىن تارتىپ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش، بالىغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇش... قاتارلىقلار. شۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەككى، ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بالىغا ئاتا قىلىش ئاساس، بالىدىن تەلەپ قىلىش قوشۇمچە بولىدۇ.

— مەن بالامنى بېقىپ چوڭ قىلغاندىن كېيىن گېپىمنى ئاڭلىشى كېرەك.

— مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقىشى كېرەك....دېگەندەك ئوي - خىيالنىڭ كونتروللۇقىدا بالىغا مۇئامىلە قىلغاندا بالىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچراپلا قالماي، ئەنە شۇ ئائىلە بەرپا قىلىشمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.



ئاتىدىن ھەقىقىي ئەر بولۇشنى ئۆگەنگەن يىگىت ئائىلىدە ئەرنىڭ رولىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى مۇقىم ساقلىيالايدۇ.

# ھاياتىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتىدە...

ھاياتىڭ 24 سائەتتىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ... ناۋادا شۇنداق بىشارەت كېلىپ، ئادەم ئۆزىنىڭ 24 سائەتتىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىنى بىلگەندە، شۇ چەكلىك 24 سائەت ئىچىدە قانداق ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىشى مۇمكىن.

مەن كۆپچىلىككە لېكسىيە سۆزلىگەندە، لېكسىيە ئارىلىقىدا دائىم شۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلايمەن. ئەلۋەتتە، ھەر نۆۋەت لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈپ، ئەڭ يېقىن ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشۈش، ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن تاماملاشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

— ئايالىم ۋە باللىرىم بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىپ، ئۇلارغا يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتىمەن. ئۇلارنى چىڭ قۇچاقلايمەن...

— يولدىشىمغا كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئېيتىپ، ئۇنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن.

— باللىرىمنى باغرىمغا باسىمەن...

— چوڭلارنى يوقلايمەن... دوستلىرىم بىلەن خوشلىشىمەن، مەندىن ئاغرىنغان تەرەپلەر بولسا كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىلىمەن، ئۇلارنى چىڭ قۇچاقلايمەن...

....

ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتى قالدى. سىز بۇ 24 سائەت ۋاقىتتا قانداق ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايسىز؟

نەلەرگە بېرىشنى، كىملەر بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايسىز؟... شۇ سوئال ئالدىغا قويۇلۇپ، شۇ ھەقتە ئويلىنىپ باققان ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ سوئالدىن بىئارام بولىدۇ. بىئارام بولىدۇ ـ يۇ، يەنە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ خىل كەيپىياتقا چۆمۈپ، نېمىلەرنى قىلىشىم، كىملەر بىلەن كۆرۈشۈشۈم، نەلەرگە بېرىشىم كېرەك؟ دېگەننى ئويلىماي تۇرالمايدۇ.

ھەقىقەتەن شۇنداق بېشارەت كەلسە، نېمە ئىشلارنى قىلىشىڭىز مۇمكىن؟ قانداق ئىشلاردىن ئەپسۇسلىنىپ، قانداق ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىشىڭىز، كىملەرنى باغرىڭىزغا بېسىپ، قانداق گەپلەرنى قىلىشىڭىز مۇمكىن؟ ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنداق ۋاقىتتا قىلىشنى ئويلايدىغان ئىش، كۆرۈشۈشكە ئالدىرايدىغان ئادەم ئەڭ مۇھىم ئىش ۋە ئەڭ مۇھىم ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، ھاياتىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائەتتى بولمىغان بۇگۈنكى كۈندە، بۇ ئىشلار سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش ۋە ئەڭ مۇھىم ئادەم ھېسابلىنامدۇ؟

ئادەم تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە دائىم ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىشنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئەڭ مۇھىم ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، يېقىن ئادەملىرىگە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشكە، ئۇلارنى باغرىغا بېسىشقا سەل قارايدۇ. ھەتتا، ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى ئەڭ ئاخىرىغا تىزىپ قويىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ۋاقىتنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. «ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائەتتى قالغان بولسا، قانداق ئىشلارنى قىلىشىڭىز، نەلەرگە بېرىشىڭىز ۋە كىملەر بىلەن كۆرۈشىشىڭىز مۇمكىن؟»

بىز ئۆزىمىزنىڭ قاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئادەم ۋە ئىشلار كۆپ ھاللاردا ئېتىبارىمىزنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

بىز كۆڭلىمىزدىكى گەپلىرىمىزنى ئېيتمايمىز. ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمىزنى قۇچاقلىمايمىز. ئەڭ مۇھىم ئىشنىڭ نېمىلىكى ۋە ئەڭ مۇھىم ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىمىز. شۇ سەۋەبتىن، ھاياتىمىزدا بىز ۋاقىت ئاجراتقان، زېھنىمىزنى سەرپ قىلغان ئىشلار ئىچىدە بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىشلاردىن مۇھىم بولمىغان، ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتى قالغاندا... ھەر قېتىم كۆپچىلىكتىن بۇ سوئالنى سورىغىنىمدا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سۈكۈتكە چۆمىمەن، ئويلىنىمەن. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئادەم ۋە ئىشلارغا سەل قارىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن.

1، 2، 3، 4، 5،.........20،21،22،23،24

2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سۆيۈملۈك ئىنىم ساباھىدىندىن ئۈچۈر تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ «24» دەپ يوللىغانىدى. مەن ھەيران بولۇپ «بۇ نېمە سان» دەپ ئۈچۈر قايتۇردۇم...

ـ بۈگۈن مېنىڭ 24 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈم.

ـ ئاپلا، ئىنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن...

بۇ يىل ئىنىم ساباھىدىن 25 ياشقا كىرىپ دەل 41 كۈن بولغاندا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ھادىسە سەۋەبلىك ياش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. خۇددى تىرىك ياشاۋاتقان ھەر بىرىمىز يېقىن ئادەملىرىمىزنىڭ بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغاندەكلا، ئۇمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتى. ھايات بىلەن ئۆلۈم نېمىدېگەن يېقىن، ئەسلىدە «ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتى» تەسىراتىنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان ئادەملا ئەمەس، ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ

قالغاندىمۇ ئادەم ئوخشاشلا شۇنداق تۇيغۇدا بولىدىكەن.

شۇ ئىشتىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە ئىنىم ساباھەدىننى سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەر ئەسلىمىزگە كېلەلمىدۇق. قەلبىمىزنى سېغىنىش ئازابى قاپلىۋالدى.

بىراق، يەنە ياشاش كېرەك. قەلبىمىدىكى سېغىنىش ئازابىنى باسالمىغانسېرى يولدىشىمغا، ئىنىلىرىمغا قاراپ كېتىمەن، ئۇلار قانچە ئازابلىنىپ كېتىۋاتقاندۇ. يولدىشىم ئانىسى تۇگەپ كېتىپ ساباھەدىننى مۇرىسىدىن چۈشۈرمەي تاكى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتكۈچە ئۆزىنىڭ باققانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، شۇڭلاشقىمۇ ساباھەدىننى ئۆز ئوغلىدەكلا كۆرەتتى. مېنىڭ ئالدىمغىمۇ كىچىك كەلگەن بولغاچقا، مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلاتتىم. ئامراقلىقىم كەلسە قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتەتتىم، بەزىدە ھەتتا ئاچچىقلاپمۇ قوياتتىم.

— ئاچا بۈگۈن بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، 10ياش ياشىرىپ كەتكەندەك بولۇپ قاپسىز، بۇ كىيىم سىزگە بەكلا يارىشىپتۇ...

چاچ پاسونۇمنى ئۆزگەرتسەم ياكى يېڭى كىيىم كىيسەم، ئىنىم شۇلارغا دىققەت قىلىپ، شۇنداق دەپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىۋېتەتتى.

ئىنىمنى سېغىنغانسېرى قەلبىمنى تۈرلۈك ئەپسۇسلىنىشلار قاپلىۋالاتتى. «ئاچا چارچاپ كەتتىڭىز — ھە!» ئىنىم قىلىپ بەرگەن ئەرزىمەس ئىشلىرىم ئۈچۈن كېلىپ غولۇمنى تۇتقاندا نېمىشقىمۇ «سىزنىڭمۇ غولىڭىزنى تۇتۇپ قوياي» دېمىگەن بولغىيتتىم. بەلكىم بۇ يېشىدا غولى ئاغرىمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن...

— ھامان ئۆلىدىغان گەپكەنغۇ...

— بىراق، يەنە ياشاۋاتىمىز......

— قانداق ياشاش كېرەك؟

بىر ـ بىرىنى ئازابلاپ ياشاۋاتقان ئەر ـ ئاياللار، بىر ـ بىرىنى تاشلىۋەتكەن قەدىناسلار، بالىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۇچىسىنى يالاڭ قويمىغان بىلەن قەلبىنى زىدە قىلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار، ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلىۋەتكەن بالىلار، بالىسىنى تاشلىۋەتكەن ئاتا ـ ئانىلار، دوستلىرىنىڭ قەلبىگە ئازار بېرىۋاتقانلار. . . ئۇلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا «ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك، چەكلىك ھاياتتا نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىسىلەر؟. . . ئۆزۈڭلار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم ئىشنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئەڭ مۇھىم ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ھاياتىڭلاردىكى ئەڭ مۇھىم ئادەم كىم؟ سىلەر ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم ئىش نېمە؟ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندا قانداق ھېسسىياتتا بولىسىلەر؟ دەپ سورىغۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئادەم بەزىدە ھاياتىدا خۇددى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشماي مەڭگۈ ياشايدىغاندەك، ئۆزىگە ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە پەرۋاسىز قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەم ئۆلۈمنى ئويلىغاندا ھاياتلىقىدا بىر ـ بىرىگە ئازار بېرىشنىڭ، بىر ـ بىرى بىلەن توختىماس تالاش ـ تارتىش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

شۇنى ھېس قىلىپ قالدىم: «پەقەت ئەڭ ئاخىرقى 24 سائەت ياشايدىغان پۇرسىتىڭ بار. . .» تېمىسىدىكى كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلغان پسىخىكىلىق لېكسىيە سورۇنلىرىدىلا ئەمەس، ھەر ۋاقىت ئادەم ئۆزىگە پات ـ پات شۇنداق بېشارەت بېرىپ، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ مەن ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىش نېمە؟ ئەڭ مۇھىم ئادەم كىم؟ مەن ھازىر نېمە قىلىۋاتىمەن؟ دېگەن سوئالنى سوراپ تۇرۇشى تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتتا ئادەم كۆپ

ھاللاردا ئالدى بىلەن ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار ۋە ئادەملەرنى ئېسىگە ئالىدىكەن. قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشنى ئويلايدىكەن. كاللىسىدىكى قۇتراۋاتقان قالايمىقان ئوي - خىيال تىنچىپ، ھاياتىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلىشتىن، ئۆزىنى ۋە ئۆزى سۆيىدىغان ئادەملەرنى ئازابلاشتىن ساقلىنالايدىكەن.

بىر ئايال يولدىشىنىڭ كېچىدە بەكلا ئاز ئۇخلايدىغانلىقىنى، تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئۆزىنىمۇ ئۇخلاتمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن جېدەللىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ زارلاندى. ھەقىقەتەن بۇنداق ئەھۋالدا ئادەم تولىمۇ ئازابلىنىدۇ. ئەر - خوتۇن ئارىسىدا جېدەل - ماجىرا قوزغىلىدۇ. بىراق، بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئۇخلىيالمىغان يولدىشىغا خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا ئىچ ئاغرىتسا ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مەسىلەن، ئارام ئالالماي بەكلا چارچاپ كېتىۋاتىسىز، قانداق چىداۋاتقانسىز؟ دېگەندەك گەپلەرنى قىلغاندا ئۇخلىيالماي تىتىلداپ كېتىۋاتقان ئادەم تىنچلىنىپ قېلىشى، تاراق - تۇرۇق قىلىپ دەخلى قىلىشنىڭ ئورنىغا قارشى تەرەپنىڭ ئارام ئېلىشىنى ئويلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ، ئەھۋالنى ياخشىلاشقا ھەرىكەت قىلىش بەكلا مۇھىم.

بىز كۆپ ھاللاردا ئەتراپىمىزدىكى بىزنىڭ ئارامىمىزنى بۇزىدىغان، بىزنى خاپا قىلىدىغان ئىش ۋە ھادىسىلەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن ئىنكاس قايتۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە، بىر چۆمۈلە كېلىپ پىلنىڭ ئارامىنى بۇزغاندەك روھىي ھالەتتە تۇرۇپ ئىنكاس قايتۇرساق، ئارامىمىزنى بۇزىدىغان ئىش بىزنىڭ

ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدىغان ئىشقا ئايلىنىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجىزلايدۇ.

«ھايات تولىمۇ قىسقا». بۇ بىزگە يادا بولۇپ كەتكەن سۆزلەر. بىراق، بۇ جۈملە شۇنچىلىك رېئال جۈملىكى، ھەقىقەتەن ھايات بىزگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ھاياتىمىزنى بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز، ئۆزىمىزنى ۋە يېقىنلىرىمىزنى ئازابلاش، مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزنى بېرىشكە بېخىللىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزسەك. باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى تارتىۋېلىپلا قالماي، ئۆزىمىزنىڭ بەخت تۇيغۇسىنىمۇ ئوغرىلىغان، ھاياتىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغان بولىمىز. يەنە بىر قېتىم ياشاشقا پۇرسەت يوق، چەكلىك ھاياتتا ئۆزىمىزنى، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلىرىمىزنى قەدىرلەيلى! ئۆزىمىزنى، يېقىنلىرىمىزنى ئازابلاشتىن ساقلىنايلى! ئىشلار كۆڭلىمىزدىكىدەك بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاپ، يامان ئىشنىڭ زەخمىسىدىن ئۆزىمىزنى ۋە يېقىن ئادەملىرىمىزنى ئاسراشنى ئۆگىنەيلى! ھاياتىمىزدىكى ھەر بىر مىنۇتنى ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى ئۆتكۈزۋاتقاندەك ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزەيلى! ۋاقتىمىز، زېھنىمىز بىھۇدە ئوي ـ خىيال ۋە ئىشلار بىلەن قىممەتسىز ئۆتۈپ كەتمىسۇن!

چەكلىك ھاياتنى خۇشاللىق بىلەن ئەمەس، ئازاب ـ ئوقۇبەت، كۆڭۈلسىزلىك، دەككە ـ دۈككە بىلەن ئۆتكۈزۋاتقان بارلىق كىشىلەر بولىدى ـ بەس! ھاياتنىڭ گۈزەل تەرىپىنى ئويلاشقا باشلاڭلار. نېمىلەرگە ئېرىشتىڭىز؟ نېمىلەرنى يوقاتتىڭىز؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىش ۋە ھادىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەۋجۇت بولۇش ھېكمىتى بولىدىكەن. بىر تەرىپى سىز ئۈچۈن پايدىسىز بولغان بولسا، يەنە بىر تەرىپى سىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن،

ھېچبولمىغاندا سىزگە ئازاب ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىش ياكى ئادەم ئۆز مەۋجۇتلۇقى بىلەن سىزنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى بېيىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان بارلىق ياخشى ۋە يامان ئىشلارغا كۆلۈپ مۇئامىلە قىلىڭ، خۇددى ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتىدە كەڭ قورساق، ئەپۇچان، ھېسسىياتچان، سەمىمى، راستچىل بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش، ھەممە نەرسىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ، ۋاز كەچكۈدەك ئىش ۋە ئادەملەردىن ۋاز كەچسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۆزىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، كۆپ ئويلاپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلىيەتتە، بىز كۆپ ھاللاردا ئىشلارنىڭ ئازابلىق تەرىپىنى ئويلىۋالىمىز - دە، ئۆزىمىزنى ئازابلاشقا باشلايمىز. ھاياتنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىششى بولغانغا ئوخشاش، ئىشلارنىڭمۇ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىششى، يامان ۋە ياخشى تەرىپى بولىدۇ. بىز ياخشى تەرىپىنى كۆرسەك، ياخشىلىق بىزگە يېقىنلىشىدۇ، يامان تەرىپىنى كۆرسەك، يامانلىقنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالىمىز.

يەنە قانچىلىك ياشايمىز؟ قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئارزۇ - نىشانلىرىمىز ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغانغا يەنە قانچىلىك ۋاقتىمىز قالدى؟ بۇ بىزگە نامەلۇم. شۇ سەۋەبتىن، كۆز ئالدىمىزدىكى بىزگە تەئەللۇق بولغان، بىز ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بارلىق ئادەم ۋە ئىشلارغا كۆلۈپ مۇئامىلە قىلايلى. ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا كەلگەندە ئەپسۇسلىنىپ قالمايلى.

ناۋادا ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتى قالغان بولسا، ئۇ 24 سائەتنى قانداق ئۆتكۈزۈسىز؟

ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىلەن بىرلىكتە

خۇشاللىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى خالامسىز؟

ئائىلىڭىزدىكىلەر، دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى ئويلامسىز؟

كۆڭلىگە ئازار بەرگەن ئادەملەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن سەمىمىيلىك بىلەن كەچۈرۈم سورامسىز؟

سۈكۈت ئىچىدە كۈتەمسىز؟

بۇ كۈندىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، ئۆزىڭىز رازى بولغۇدەك ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەمسىز؟

ھەر كۈنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بىر كۈننى ئەسلەڭ. يېڭى بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، ئالدىنقى بىر كۈندە سىز رازى بولمىغان ئىشلارنىڭ بۇگۈن تەكرارلىنىشىدىن مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنالايسىز.

ھېسسىياتىڭىزنى يوشۇرۇش ئەمەس، «ئەمدى پۇرسەت يوق» دېگەننى ئويلاپ تۇرۇپ ئىپادىلەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، قەلبىڭىزدىكى ئاغرىنىش، ھەتتا ئۆچمەنلىك بىراقلا يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭكى، سىز ھاياتقا كۈلۈپ باقسىڭىز، ھاياتمۇ سىزگە كۈلۈپ باقىدۇ. . .



«ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 24 سائىتى قالغان بولسا قانداق ئىشلارنى قىلىشىڭىز، نەلەرگە بېرىشىڭىز، كىملەر بىلەن كۆرۈشۈشىڭىز مۇمكىن؟»

# خاتىمە

بۇ كىتابنى ئاخىر تۈگەتتىم. تۈگىتىپ بولدۇم - يۇ، ئېلان قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە ئۇزاق ئويلىنىپ قالدىم. «ئائىلىدىكى مەخپىيەتلىك» دېگەن بۇ تېمىنىڭ ئۆزى شۇنداق ئېغىر. كىتابنىڭ مەزمۇنى ئادەمنى تېخىمۇ ئېغىر ئويلارغا سالىدۇ. ئاخىر ئېلان قىلىش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، يارنى كۆرمىگۈچە ساقايتىش خىيالىغا كەلمەيدۇ.

بۇ كىتابنى تاماملاش جەريانىدا كۆپ ماتېرىيال كۆردۈم، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولغان ياخشى، ئۈنۈملۈك ئامال - چارىلەردىن پايدىلاندىم. ئۆگەندىم. كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۇيۇشتۇردۇم. سۆھبەت ئوبيېكتلىرى ئىچىدە ئەمدىلا مۇھەببەت يېشىغا يەتكەن قىزلارمۇ، چوڭ ياشلىق ئەر - ئاياللارمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ پىكرىمنى بېيىتىشىمغا، دېلىغۇللا بولغان مەسىلىلەر ھەققىدە بىر قارارغا كېلىشىمدە كۆپ ياردىمى بولدى.

كىتابتا بەزىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭلا ئەمەس، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ خۇشاللىقىنى تارتىۋالغۇچىلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى يۈز خاتىرە قىلماي ئاشكارىلىدىم. بەلكىم يازغانلىرىم بىرلىرىگە ياقماسلىقى، بىرلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىشى، يەنە بىرلىرى شۈكرى ئېيتىشى مۇمكىن. سەۋەبى، يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت. بىز ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان ھەقىقەت. ئۇنى مەن ئويدۇرۇپ چىقارغان ياكى كۆپتۈرگەن ئەمەس. ئۇنى سىزمۇ ھېس قىلالايسىز. كىتابتا يېزىلغان مەزمۇنلار مەيلى ئاز

بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ئۆزىگىزنىڭ تۇرمۇشىدا ياكى ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇچراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. پەقەت ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئاشكارىلىغۇسى، داۋراڭ قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

ئۇنداقتا، مەن نېمە سەۋەبتىن ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلايمەن؟

رېئاللىقتا ھەرقانداق بىر جۈپ ئەر - خوتۇن نىكاھ تۇرمۇشىنى بىر - بىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالسا، بىر - بىرىنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى چۈشەنسە، بىر - بىرى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ پاراڭلاشسا، بىر - بىرىگە يول قويسا، بىر - بىرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلسا ساقلاپ قالالايدۇ. ھەتتا، ئارىدىكى مۇھەببەتنى قايتا ئويغىتالايدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشتا بەك چوڭ زىددىيەت يوق، پەقەت بىر - بىرىگە باغرىنى بەرسىلا، بىر - بىرى ئۇچۇن ئۆز ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلسىلا، ھاياتنى بەخت سېزىمىگە چۆمۈپ ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ھازىر يېقى توي قىلىپ بىر - بىرى بىلەن ماسلىشىش باسقۇچىدىن ئۆتەلمەي ئاجرىشىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ نىسبىتى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ. دېمەك، ناچار تۇرمۇش ئادىتىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى، زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ.

مەن كىتابتا نىكاھ تۇرمۇشىدا ئەر - ئاياللار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىنى ئېنىق تونۇشى كېرەك. شۇنداقلا، نىكاھ تۇرمۇشىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە، ئالدى بىلەن مەسىلىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەل قىلىش ئۇستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك. دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ساغلام

بولمىغان تۇرمۇش قېلىپىنى ئاڭلىق ئۆزگەرتمىگەندە، شۇ خىل تۇرمۇش قېلىپىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد تەكرارلىنىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ، دېگەن قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇم. بەلكىم بەزىلەر، بىر ئائىلىدىن ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى، تۇتقان يولى ئوخشاش بولمىغان بالىلار چىقىدىغۇ؟ بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. دېيىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىر ئائىلىدىن تۇرمۇشنى ياخشى ئېلىپ كېتەلەيدىغان بالىلارمۇ، ياخشى ئېلىپ كېتەلمەيدىغان بالىلارمۇ چىقىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ئۆزىدىكى مەسىلىنى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا يېڭىپ، يېپيېڭى ھالەتتە تۇرمۇشقا يۈزلىنەلەيدۇ. بىراق، بۇ كىتابتا ئۇلار ھەققىدە توختالمىدىم.

مەن بۇ كىتاب ئارقىلىق ئەر - ئاياللاردىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتىدىن ياتلىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ۋە ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئادىتىنى پەقەت ئېنىق تونۇپ، تەسىرىنى توغرا مۆلچەرلەپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ھەم ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلسىلا، جەزمەن ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولىدۇ، دېمەكچى. مەيلى ئۇ جەمەتنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مېنىڭ بۇ كىتاب ئارقىلىق تارقاتماقچى بولغىنىم دەل مۇشۇ خىل ئۇچۇر.

出 版 人：唐 辉
阿迪力·穆罕默德
责任编辑：巴哈尔古丽·吐达洪
责任校对：古丽娜尔·肉孜
封面设计：海米旦·塞达里木
制　　版：热娜·艾买提江

健康快车系列心里健康丛书
家庭之密（维吾尔文）
古丽娜尔·提依普　著

新 疆 人 民 出 版 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　8.125印张
2015年4月第1版　2015年4月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-2955-1（民文）定价:28.50元